XINJIANG YISHU XINJIANG ART

6

1986



# شىنجاڭ سەنئىتى

مەركىزى تىياتىر ئىنستىتۇتى ئاكتىيورلۇق پاكولتېتى 82-يىللىق شىنجاڭ مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ، ئۆگىنىش يۈزىسىدىن تەييارلىغان تىياتىرلىرىدىن بىر نەچچە كۆرۈنۈش.



«قانلىق يىللار» دىرامىسىدىن ئىككى كۆرۈنۈش.

شائىر نۇسىنار مۇھەممەت سىدىق رەئىلى بالىسلىرى بىلەن بىللە.



جانىم پادىشا ئوغلى ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلماقتا.

ئۇرسۇن بارات فوتوسى

# 6

# 1986

قوش ئايلىق سەنئەت ژۇرنىلى    6 - يىل نەشرى

## بۇ سانىدا


ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق (كومېدىيە) .................... تۇرسۇن يۇنۇس ( 3 )
هۆسن خەت ............................ قايىنام جاپپار ( 42 )
ئالتۇن ماكاندا، ئالتۇن ناخشا (سېكىل) ........................ تۇرسۇن قۇربان ( 43 )
چال يىگىت (ناخشا تېكستى) ........................ قۇربان مامۇت (49)
ناخشا تېكستلىرى ........................ تەلئەت ناسىرى ( 49 )
بىر ساپاق ئۈزۈم (شېئىر) ........................ مەمتىمىن بارى ( 50 )
ناخشا تېكستلىرى ........................ ھېبىبۇللا ئوسمان ( 51 )
تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائى ئۆزگىرىشكە ئەھمىيەت بېرەيلى (ماقالە) ... سىراجىدىن زۇپەر ( 52 )
بولغاچ كۆكلەم - ئىللىق كۈنلەر، ئېچىلدى زەپ ئېسىل گۈللەر (ماقالە) ... دەي جىرچۈن ( 58 )
يېڭى باشلىنىش، يېڭى بوسۇش (ماقالە) ........................ ياۋ چېڭشۈن ( 70 )
مەكىت قىزى گۈزەلنۇر (ماقالە) ........................ ياڭ شياۋفېر ( 77 )
ئافرا توغرىسىدا (ماقالە) ........................ پەتتارجان ئابدۇللا ( 81 )
ياش سېنارىست — مەمتىمىن ھەزرەت (ماقالە) ........................ ئۆركەش ئىبىرايىم ( 88 )
ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم (ماقالە) ...... تۇرسۇنئاي يۇنۇس ( 93 )
ئۇ مەڭگۈ بىزنىڭ پەخرىمىز (ئەسلىمە) ........................ تىيىپجان هادى (103)
سەنئەت ئۇچۇرى ........................ (114)
مەشھۇر دومبىرىچى كاۋلىنباي ۋاپات بولدى ........................ (119)
ياپونىيىدە «يىپەك يولى مۇزىكا يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى ........................ ۋاڭ چاڭ (121)
ئۇچقىن قۇشۇم (ناخشا) ........................ سۆزى: ئابلىز نىيازنىڭ / مۇزىكىسى: ئابلەق مۇسلىمنىڭ ( 124 )
86 - يىللىق ئومۇمى مۇندەرىجە ........................ (125)


مۇقاۋىدا: «سىگان قىزى» دىرامىسىدا ئايال باش قەھرىمان زارىنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسكا پەرىزە

مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتىدە: «سىگان قىزى» دىرامىسىدىن بىر كۆرۈنۈش. قەبىلە باشلىقى دومالو، سىگان قىز زارىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن زورلىماقتا.

تۇرسۇن بارات فوتوسى.

# ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق



(٦ كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيە)

**تۇرسۇن يۇنۇس**

## قاتناشقۇچىلار

| | |
|---|---|
| دىلشات — ئىلغار مۇنەۋۋەر | 21 ياش. |
| شەھىدەم — دىلشاتنىڭ سۆيگىنى | 19 ياش. |
| سەلەي — پېشقەدەم سەيپۇڭ | 55 ياش. |
| تەلەيخان — سەلەينىڭ ئايالى | 50 ياش. |
| زەرىپە — دىلشاتنىڭ سىڭلىسى | 20 ياش. |
| كازىم — موزدۇز، شەھىدەمنىڭ دادىسى | 55 ياش. |
| ئايزىمخان — كازىمنىڭ ئايالى | 50 ياش. |
| ئىلىيار — كازىمنىڭ ئوغلى | 20 ياش. |
| نىياز — سېتىقچى | 20 ياش. |
| مەتقاسىم — گىلەم ساتقۇچى | 25 ياش. |

### بىرىنچى كۆرۈنۈش

[يىراق كۆرۈنۈشتىكى شەھەر ئىمارەتلىرى سۆۋەت چىراغلىرى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. سەھنە كەينىدە خۇەندىلىك بىلەن كۆرسىتىلگەن بازار ئىمارەتلىرى بولۇپ، سەھنىدە دېكوراتسىيە بولمايدۇ. سەھنە مەنقۇلاتلىرى ئېھتىياجقا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.]

---

ئەسكەرتىش: مەزكۇر كومېدىيىنى ياۋروپا يېڭى زامان تىياتىر شەكىللىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىناق تەرىقىسىدە يېزىپ چىقتىم — ئاپتوردىن.

[ياز. ئۈزۈن كەتكەن بازار كوچىسى. ناۋايلار، ئاشپەزلەر، كاۋاپچىلار، دوپپىچىلار، گىلەمچىلەر، موزدۇزلار ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل.

دىلشات بىر تەرەپتىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندا، دوپپا سېتىپ كېلىۋاتقان شەمىدە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن تەقەززالىق بىلەن سۆز كۈتۈپ بىرئاز تۇرۇپ قالىدۇ.]

دىلشات: ئۈزۈن بولدى، ئۇچراشالمىدۇق.

شەمىدە: (ئۇيالغىنىدىن يەرگە قاراپ) ھەئە ... ئۈزۈن بولدى ...

دىلشات: تويىمىز كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

شەمىدە: راست، سوزۇلۇپ كەتتى. (ھاياجان ئىچىدە) مەنمۇ ئىككى ئوتتۇرىدا خىجىل.

دىلشات: شەمىدە راستىنى ئېيتسام مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن. لېكىن سىز ھېلىقى ئىشلار بىلەن تەۋرەپ قالمىسىڭىزلا ...

شەمىدە: مەن تەۋرىگىنىم يوق. لېكىن دادام، مېنى سىزگە بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېيتىپ، سىزگە تويلۇقنى ئېغىر سالماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

دىلشات: مېنى نېمە دەپ ياراتمايدىكەن؟

شەمىدە: پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ دەپ جۆيلۈپ يۈرگۈدەك ... (يان تەرەپكە قاراپ) ۋىيەي، ئانام بىلەن دادام كېلىۋاتىدۇ. يۈرۈڭ، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى. (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئايزىمخان بىلەن كازىم پاراڭلىشىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

ئايزىمخان: ھوي دادىسى، كەچ بازاردا سودىنىڭ تايىنى قالمايۋاتىدۇ. يۈرۈڭلا قايتايلى.

كازىم: ماقۇل، كەتسەك كېتەيلى. (ئۈشتۈمتۈت سىرتقا قاراپ) ھوي ئانىسى، بىزنىڭ شەمىدە ئاۋۇ يەردە بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئولتۇرمامدۇ؟

ئايزىمخان: ھە ... راست. ئۇ ھېلىقى ... ھېلىقى ... قىزىمىنىڭ ...

كازىم: ۋاي بىلدىم ... ھېلىقى مۇھەببىتى دەك... ۋاي تۇۋا، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق. كۆپ - كۈندۈزدە ... ئىزا تارتماستىن كۈلۈشۈپ بىللە ئولتۇرسا ...

ئايزىمخان: ھوي دادىسى، ھېچگەپ يوق، ئىككىسى مۇڭدىشىپ، سىنىشىپ توي قىلسا، ئۆمۈرلۈك ئۆي - ئوتاق بولۇشقا پايدىسى بار - دە.

كازىم: نېمە دەۋاتىسىز؟ بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇڭداشماي، سىناشماي توي قىلىپمۇ، ئۆمۈرلۈك ئۆتۈۋاتىمىزغۇ؟

ئايزىمخان: ھازىر ئوخشىمايدۇ.

كازىم: ھازىر بىلەن كارىم نېمە؟ ئۇ يىگىت ھۈنەرۋەن بولغىنى بىلەن پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئەگەر قىزىمنى ئالماقچى بولسا، تويىنى چوڭ قىلغۇزىمەن، بولمىسا قىزىمنى بەرمەيمەن.

ئايزىمخان: ھوي داد‍ـــــى، ئەمدى بۇ گەپنى قىلسىلا بولمايدۇ.

كازىم: ياق، گېپىم گەپ. ئەتە ئازنا بازاردا ماڭغىچە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، تويلۇقنى ئېغىرلىتىمەن. مەن ئۇنىڭدىن ئىككى مىڭ كوي سوغۇرۇپ ئالمايدىغان بولسام، ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

ئايزىنەخان: ھوي دادىسى، تـويلۇقـلارنى بىز ئاللىبۇرۇن مەسلىھەت چىقـىرىپ پـۈتۈشـۈپ بولغان ...

كازىم: (يان تەرەپكە قاراپ) گەپ قىلماڭلا. دەرھال ئۆيگە بېرىڭلا. ئـايەردە تـەلەيخان كېلىۋاتىدۇ ... ئۆزۈم گەپلىشىمەن. تـويلۇقـنى زادى ئېغىزلاتمـاي بولمـايـدۇ. [ئايزىنـەخان ئامالسىز چىقىپ كېتىدۇ. تەلەيخان قول ھارۋىسىغا كىلەملەرنى بېسىپ ئىتتىرىپ كىرىدۇ.]

كازىم: ھوي تەلەيخان قۇدام، دۇكانلىرىڭىزنى ئەمدى يىغىپ بولدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرەتتىم.

تەلەيخان: نېمە گەپتى؟

كازىم: تويىنى . ئازراق كەينىگە سۈرسەكمىكىن دەپ مەسلىھەت قىلىشقانىدۇق.

تەلەيخان: نېمىشقا سۈرىمىز؟ ئۆتكەن كۈنى تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتىپلا بېشىمىزنى ساقايتىۋالغىنىمىز تۈزۈك، دېگەنىدىڭىزغۇ؟

كازىم: مېنىڭچە كەينىگە سۈرگۈم يوق. لېكىن قىزىم شەھەرنىڭ لەۋزىنى ئالـماي بولمايدۇ - دە.

تەلەيخان: ئۇلار ئۆزلىرى پۈتۈشكەن ئىش تۇرسا ...

كازىم: گەپ ئۇ يەردە ئەمەس. ئاڭلىشىمچە قىزىم شەھەرە تويلۇققا نارازى ئىكەن. ھېچ بولمىسا تويلۇققا يەنە بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن سائەت، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك ئالسۇن، دەيدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن ماتورلۇق ۋېلسىپىت ئالسۇن دەپتۇ. ئۇنى بىز دېمىسەكمۇ سىلەر ئەلـۋەتتە ئالالايسىلەر - دە.

تەلەيخان: (تەلەيخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ) بۇنىڭغا ئاز دېگەندە يەنە نەچچە مىڭ كويىنى ئارتۇق چىقارمىساق بولمايدۇ - دە ... قېنى مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز. كازىم ئاخۇن ھەر ھالدا زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئىش قىلساق ياخشى بولار.

[ئىككىسى بىر - بىرسىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە چوڭقۇر خىيالغا چۆكىدۇ.]

كازىم: (يانبايان) ئەگەر تويلۇقنى ئېغىزلاتمىسا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ قىزىنى ئوغلۇم ئېلىپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ، قايتا قۇدا بولىمەن. ئۇ قىزىمغا قانچىلىك تويلۇق ئالسا، مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىغا شۇنچىلىك تويلۇق ئالىمەن.

تەلەيخان: (يانبايان) ئۇ مەندىن نەچچە مىڭ كويىنى ئارتۇق سۇغارماقچى. ئەگەر تويلۇقنى ئېغىزلاتىشقا چىڭ تۇرۇۋالسا، مەنمۇ قىزىمنى ئوغلىغا بېرىپ قايتا قۇدا بولۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي. ئۇ چاغدا مەندىن قانچە پۇل سۇغارسا، مەنمۇ شۇنچە پۇل سۇغۇرالايمەن.

كازىم: تەلەيخان، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

تەلەيخان: (دەرھال چىرايىنى ئېچىپ) ھە ... ھېچنېمە ... قىزىڭىز ھەقىقەتەن ئېسىل بالا

بولدى. تويلۇقنى قانچە كۆپ ئالساقمۇ ئەرزىيدۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن.

[ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ قويىدۇ.]

كازىم: (يانباياn) بۇ خوتۇننىڭ بېخىللىقى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. لېكىن مەن تاشتىن ياغ چىقىرالايمەن - دە. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەن شۇ ...

تەلەيخان: سىز- نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

كازىم: ياق ھېچنېمە ... ھە، باللىرىمىزنىڭ خۇيىمۇ ئوخشاش، بويىمۇ ئوخشاش، ئىككىسى-نى بىر قىلساق قىزىل گۈلگە ئوخشاش بولىدىكەن ... ھە ... شۇنىلا ئويلاۋاتىمەن ...

تەلەيخان: ۋاي - ۋۇي ... مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم.

كازىم: ئەمسە ئىككىمىزنىڭ خىيالى دەل بىر يەردىن چىقىپتۇ - دە. (تەلەيخان كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.) يەنە بىر ئىشتا بىر يەردىن چىقسا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.

تەلەيخان: قايسى ئىشتا؟

كازىم: قىزىڭىز زەرىپەنى ئوغلۇم ئەلىيارغا ئېلىپ بېرىپ قايتا قۇدا بولۇشساقمىكىن دەيمەن.

تەلەيخان: بۇنى ... ئويلىشىپ باقايلى ... (ئويلىنىدۇ.) (يانبايان) ئەجەب كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭغۇ؟...

كازىم: بىز ئىككى ئائىلە قايتا قۇدا بولۇپ، ئىككى توينى بىر كۈندىلا قىلغۇدەك، شەھەردە بىر داڭ چىقىراتتۇق - تە.

تەلەيخان: ھاجىتىڭىز قىزىمغا چۈشكەن بولسا، سىزدىن نېمە ئايايمەن. ماقۇل، دېگىنىڭىز بولسۇن.

كازىم: ھەممە گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى.

[ئەلىيار يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.]

ئەلىيار: دادا، سىزنى ئاپام چاپسان ئۆيگە كىرسۇن دەيدۇ.

كازىم: ئاپاڭ ئېشىنى ئەتكەچ تۇرسۇن، مەن تەلەيخاننى بىللە ئېلىپ كىرىمەن.

[ئەلىيار چىقىپ كېتىدۇ.]

كازىم: (تەلەيخانغا بۇرۇلۇپ) سىزگە كۈيئوغۇل بولىدىغان بالام دەل ئاشۇ. قانداق؟ يارامدۇ؟

تەلەيخان: (بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ) ئەلۋەتتە يارايدۇ.

[زەرىپە سول تەرەپتىن چىقىپ كېلىدۇ.]

زەرىپە: ئاپا، تاماق تەييار بولدى، يۈرۈڭ كېتەيلى.

تەلەيخان: قىزىم زەرىپە، تېز بول. بۇ ھارۋىنى سەن ئېلىپ كەت. مەن ھازىرلا بارىمەن.

[زەرىپە ھارۋىنى ئىتتىرىپ مېڭىپ كېتىدۇ.]

كازىم: (زەرىپەنىڭ كەينىدىن قاراپ) قاراڭ تەلەيخان. بايىقى ئوغلۇم بىلەن بۇ قىزىڭىز-نىڭ خۇي - پەيلىمۇ ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر راستلا قايتا قۇدا بولۇش-ساق ...

تەلەيخان: ئەلۋەتتە بولىمىز. بۇ ئۆيدە مېنىڭ كېيىم كەپ.
كازىم: ئەمىسە، شۇنداق پۈتۈشەيلى.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

[سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تام بولۇپ، تامنىڭ بىر تەرىپىدە كازىمنىڭ ھويلىسى، يەنە بىر تەرىپىدە تەلەيخاننىڭ ھويلىسى بار. تەلەيخاننىڭ ھويلىسىدا گىلەملەر، كازىمنىڭ ھويلىسىدا موزدۇزلۇق ئەسۋابلىرى تىزىلغان. پەردە ئېچىلغاندا تەلەيخان پۇللارنى ساناپ، رەتلەپ ساندۇققا سالىدۇ - دە، چىرايىدىن قانائەتسىزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سەلەي ئاخۇن بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىپ قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.]
سەلەي: نېمە بولدى؟ كۆڭلىڭىز بەكلا يېرىمغۇ؟
تەلەيخان: سودا كۆڭلۈمدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇۋەرسە توي تەييارلىقىنى نېمە بىلەن قىلىمىز؟
سەلەي: (تەلەيخاننىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ) قارىغاندا سىز قايچا قۇدا بولۇشقا راستلا ماقۇل بولغان ئوخشىمامسىز؟
تەلەيخان: ئەلۋەتتە ماقۇل بولىمەن - دە. قىزىمىز زەرىپە كىچىكىدىن پۇل خۇمارى بولۇپ چوڭ بولدى، بەختىگە يارىشا ئەلىيار پۇل تاپالايدىغان ئوقەتخۇمارى ئىكەن. ئەپچىلەم دەپ داڭقىمۇ بار ئىكەن تېخى.
سەلەي: ھەممە ئىشتا پۇلغىلا قارىۋالساق بولماسمىكىن؟ (تەلەيخاننىڭ ئالايغىنىنى كۆرۈپ) بولدى، بولدى، دېگىنىڭىزچە بولسۇن. زەرىپە ماقۇل بولسىلا بولىدۇ.
تەلەيخان: بولدى، ئۇنى ئۆزۈم گەپكە كىرگۈزىمەن. (يان ئۆيگە قاراپ) قىزىم زەرىپە بۇ ياققا كېلە.

[زەرىپە يان تەرەپتىكى ئۆيدىن چىقىپ كېلىدۇ، سەلەي بىئەپ ھېس قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.]
تەلەيخان: قىزىم سەن ئەلىيارغا ماقۇل بولساڭلا ھەممىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.
زەرىپە: مەن ئويلىنىپ باقاي.
تەلەيخان: قىزىم ئويلىنىدىغان يېرى قالمىدى. سەن ماقۇل بولساڭلا، ئاكاڭنىڭ تويىغا چىققان پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيمىز.
زەرىپە: (ئويلىنىپ) ھە ... ئىشنىڭ تېگىنى ئەمدى چۈشەندىم. ئۇنداق بولسا ئەلۋەتتە ياق دېمەيمەن.
تەلەيخان: (بارمىقى بىلەن نىختاپ قويۇپ) ئەقلىڭنى تاپتىڭ ... (ساندۇقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويغان بىر تاغار يۇڭنى سۆرەپ چىقىدۇ. يەنە بىر مۇنچە يۇڭ يىپ ۋە چىگە تاغارلارنى زەرىپەنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ) قىزىم تويىنى چوڭ قىلساق، جىق پۇل كېرەك بولىدۇ. شۇڭا بۇ يىپلارنى كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇپ توقۇۋەرگىن.
زەرىپە: ئانا، بۇ 70 پىرسەنت قوي يۇڭىغا 30 پىرسەنت تەخەي تۈكىنى ئارىلاشتۇرۇپ

ئىگىرگەن يىپ تۇرسا، بۇنى ئاز دەپ يەنە چىپتا بىلەن توقۇساق، بۇنى خېرىدارلار ئازراق ئىشلىتىش بىلەنلا تۈۋىتلىرى چۇشۇپ كەتمەمدۇ؟

تەلەيخان: قىزىم، پۇل تېپىشتا ئەپ بولمىسا بولمايدۇ. ھۈنەر قىلىشنىلا بىلمەك ھېساب ئەمەس. (بەش بارمىقىنى چىقىرىپ) دەسمايىمىز ماۋۇنىڭغا يەتمىسە چوڭ تويى قىلالمايمىز.

زەرىپە: ھۈنەرنىڭ يالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، خېرىدار بىزنى ئىزدەپ كەلسە، ھەممە پۇلدىن قۇرۇق قېلىپ شەرمەندە بولمامدۇق؟

تەلەيخان: بۇنىڭغا ئامال بار، جىڭ يىپ بىلەن توقۇلغان گىلەملەردىن ئۆيدە يەنە بەش پارچە بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ باھاسىنى ئەرزانراق قىلىپ چاقتان بازارغا بىر سالسىمىزدە، بىر كۈندە تۈگەيدۇ. خېرىدارلار بىز تەرەپكە ئاققان ھامانلا چىپتا گىلەملەرنى بازارغا سالىمىز.

زەرىپە: لېكىن ... بۇ ئەپلەشمەيدۇ.

تەلەيخان: توختا قىزىم، گېپىم تۈگىمىدى. گىلەملەرنى ئۆزىمىز ساتماي، شەھەر ئىچىدە ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر كىشىگە ساتقۇزىمىز - دە، ئۇ چاغدا خېرىدارلار بىزنى تاپالمايدۇ. مەن بۇرۇن بۇنداق ئوقەتنى تولا قىلىپ ھېچكىمگە قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزمىغان.

زەرىپە: (چۆچۈپ) ياھ ... ئانامنىڭ قالتىس ئېپى بار - دە ...

تەلەيخان: خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا كاسىپ ئاچ قالىدۇ دېگەن گەپ بار. (ئىككىسى كۈلۈشۈپ يۈگلارنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ.)

[كازىمنىڭ پىشايۋانلىق ھويلىسى، ئىلىيار بىر چەتتە موزدۇزلۇق قىلماقتا. كازىم ئۇنىڭ ئالدىغا بىر توپ كاردون قەغەز ۋە ئاپقۇت ياغىچى بىلەن بىرنەچچە پارچە نېپىز تېرىنى تاشلايدۇ.]

كازىم: ئوغلۇم، سەن ئەمدى بۇلارنى كۆپرەك ئىشلەت.

ئىلىيار: دادا، كاردون قەغەز بىلەن ئاپقۇت ياغىچىنى چەم قىلىپ، قونجى بىلەن باشلىقىغا قوي تېرىسىنى ئىشلەتسەك ھامان بىر كۈن چېنىپ قالىدۇ - دە، بىراقلا تۈگىشىمىز.

كازىم: ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول. مەن بۇنداق ھۈنەرنى تولا قىلىپ قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزماي كەلگەن. قارا ئوغلۇم، تەلەيخان بىلەن قايچا قىزدا بولىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇقتۇڭ، چوڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىسەن. بۇنداق تۇرۇقلۇق كۆپرەك پۇل تېپىشنىڭ يولىغا كىرمىسەك بولامدۇ؟

ئىلىيار: دادا، ئەپلەشتۈرەلمەسكىمۇ مەيلى، ناۋادا ئەپلەشمەي قالسا ...

كازىم: ئەپلەشتۈرۈشنى ساڭا ئۆگىتىپ قوياي. مەن بۇرۇن، كاناپ رەختىنى چىگىرىدىن خورۇم قىلىپ، نورغۇن ئۆتۈكلەرنى تىكىپ ساتقان. كاردون قەغەزنى بىشو تېرىسىگە ئوراپ چەم قىلىپ، باشلىقىنى كېلى بىلەن چەمگە چاپلاپ بىر كۈندە نورغۇن ئاياغلارنى قولىدىن چىقارغان. ھەر قانداق قوي تېرىسىگە پىرىدىن بىلەن بىر قات

سىر بەرسەكلا شاڭخەينىڭ كالا خورۇم ئاياغلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. (ئەلىيارنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ) ئىشەنمىسەڭ بىر نەچچىسىنى ئۆزۈم ئىشلەپ بېرەي. كۆرۈپ باق!

[چىراغ ئۆچۈپ يەنە ئاستا يورۇيدۇ، دېرىزىدىن كۈننىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، كازىم ئەلىيارنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە جۈپ ئۆتۈكنى قويىدۇ.]

كازىم: ئەلىيار، قېنى بۇ ئۆتۈكلەرنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىپ باقە.

ئەلىيار: (پەرق ئېتەلمەي بىر جۈپنى قولىغا ئېلىپ) مۇشۇ راست بولسا كېرەك. بۇنىڭ چەممۇ راست، خورۇمىمۇ راست.

كازىم: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) مانا، مانا. سەنمۇ پەرق ئېتەلمىدىڭ. (باشقا بىر جۈپنى ئېلىپ) مانا بۇ راست. (ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.)

ئەلىيار: لېكىن دادا، بۇنداق ئۆتۈك بىر كۈندىلا ئەيجىقى چىقىپ سىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەگەر سۇ تەگسە خۇددى لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا كىرسە ساق چىقمىغاندەك بولىدۇ.

كازىم: ئۇ چاغدا كارىمىز نېمە؟ «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دەپتىكەن. بىزنى تاپالمىسىلا بولدى. ئاڭلاپ تۇر، بۇ خىل ئۆتۈكلەرنى يۈز كىشىلىك قىلىپ چاپ - چاپ بازارغا بىراقلا سالىمىز - دە، باشقىلارنىڭ ئۆتۈكىدىن بىر نەچچە كوي ئەرزان سېتىپلا بىر كۈندە ھەممىنى تۈگىتىمىز. بىر جۈپ ئاياغقا ئۈچ كويچەن سەرمايە ئىشلىتىپ ھەر جۈپىدىن يىگىرمە كوي پايدا ئالىمىز.

ئەلىيار: (خۇشال بولۇپ كۆزلىرى ئويناپ كېتىدۇ ۋە بىردىنلا جىددىيلىشىدۇ) خېرىدارلار كېيىن بىزنى ئىزدەپ كەلسىچۇ؟

كازىم: مالنى ئۆزىمىز ساتمايمىز. بۇ شەھەردە ھېچكىم تونۇمايدىغان سەھرالىق ئالىجوقىدىن بىرەرسىنى تاپىمىز - دە، شۇنىڭغا ساتقۇزىمىز. دەسلەپتە بىرنەچچە پاي پۇختا تىكىلگەن راست ئۆتۈكنى بازارغا سالىمىز. خېرىدارلارنى ئۆزىمىزگە تارتقاندىن كېيىن يۈز جۈپنى بىراقلا ئېلىپ چىقىمىز.

ئەلىيار: راست ... بۇ پىلان جايىدا ... جايىدا ...

كازىم: لېكىن ئاياغنىڭ نۇسخىسى ئاجايىپ غەيرى نۇسخىدا ئىشلىنىشى كېرەك، چەت ئەل ئۆتۈكلىرىنىڭ نۇسخىسىدىن قېلىشماسلىقى كېرەك.

ئەلىيار: ئۇقتۇم، ھەممىنى ئۇقتۇم.

[ئىككىسى كاردون قەغەز، ئاپقۇت ياغىچى ۋە نۇسال رەختلەرنى ئالدىغا قويۇپ قىزغىن مەسلىھەت قىلىشىدۇ.]

كازىم: لېكىن بۇ ئىشنى شەھەردە بىلەن ئاناڭغا ھەرگىز ئۇقتۇرما جۇمۇ!

ئەلىيار: ماقۇل!

كازىم: ئوغلۇم، بىزگە سېتىۋېلىق قىلىپ بېرىدىغان ھۆپىگەرنى باشلاپ كەلگەي. سەن ئىشىڭنى قىلغاچتۇر.

[كازىم چىقىپ كېتىدۇ، ئەليار ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.]

[تەلەيخان ئۆي ئىچىدىن چىپتا كىلەملەرنى ئېلىپ چىقىپ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قاتلاپ تىزىشقا باشلايدۇ.]

تەلەيخان: (كىلەملەرگە زوق بىلەن قاراپ)- قارا قىزىم، بۇ كىلەملەرنى كىممۇ يالغان گىلەم دېسۇن.

زەرىپە: ئانا، ھېچكىم يالغان دېمەيدۇ.

تەلەيخان: قىزىم، ئەگەر بۇ مال قولىمىزدىن چىقىپ كەتسە، قالىدىغان پايدىسى ماۋۇنىڭغا يېتىدۇ. (بەش بارمىقىنى چىقىرىدۇ.)

زەرىپە: يەنە بىر قېتىم ئېلىپ چىقساق ماۋۇنىڭغا يېتىدۇ. (ئون بارمىقىنى چىقىرىدۇ.)

تەلەيخان: مەن چىقىپ ھۆپىگەردىن بىرەرسىنى باشلاپ كىرەي، سەن ئىشىكنى قىلىپ تۇرغىن. (چىقىپ كېتىدۇ.)

[كازىم 20 نەچچە ياش چامىسىدىكى بىر بالىنى باشلاپ كىرىدۇ.]

كازىم: ئەليار! (ئەليار ئۆيدىن چىقىدۇ) بۇ يىگىت بىزگە ئۆتۈك سېتىپ بېرىدىغان بولدى، ئىسمى نىياز. سېتىقچىلىقتا كارامەت ئېپى بار ئىكەن.

ئەليار: ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

نىياز: (ئۆتۈكلەرگە قاراپ) نەرقى ئەرزان بولغىنى بىلەن مال بەك ئازغۇ؟

كازىم: يىگىت بۇنى ئاز كۆرمە. بۇ بىزگە بازار تېپىپ بېرىدىغان مال. بۇنى قولدىن چىقارساڭ تەرەپ - تەرەپكە داڭ كېتىدۇ - دە، ئەتىدىن باشلاپ ھەممە خېرىدار سېنى ئىزدەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۆتۈكلەرنى سېتىپ تۈگىتەلمەيسەن. قېنى بازاردا ۋارقىرتغاندەك بىر ۋارقىراپ باقە!

نىياز: چاتاق يوق، (ئۈنلۈك ۋارقىرايدۇ) كېلىڭلار خالايىق! ھاجەتمەنلىنىڭ مېلى، ئەرزان قىلىۋەتتىم! ... ئۇسخىسى غەيرى، خۇرۇمى ئېسىل! تىكىلىشى پۇختا! ...

[كازىم بىلەن ئەليار بىر چەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرىدۇ.]

ئەليار: چاتاق يوق، دەرھال بازارغا ئېلىپ چىقايلى.

[ئەليار، كازىم، نىيازلار ئاياغلارنى بىر قول ھارۋىسىغا بېسىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.]

[تەلەيخاننىڭ ھويلىسى تەرەپتە زەرىپە كىلەملەرنى تۈكچى بىلەن تازىلاپ رەتلەۋاتقاندا، تەلەيخان 25 ياش چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق بىر ياش بالىنى باشلاپ كېلىدۇ.]

تەلەيخان: قىزىم، ماۋۇ يىگىت بىزگە كىلەم سېتىپ بېرىدىغان بولدى. ئىسمى مەتقاسىم. ئۆزى چاققان، تىلى چاقماق. سودا - سېتىق قىلىشقا تولىمۇ ئېپى بار ئىكەن!

زەرىپە: ئوبدان بوپتۇ ئانا.

مەتقاسىم: (كىلەملەرگە سەپسېلىپ) ئوتقاشتەك كىلەم ئىكەن. لېكىن نەرقى ئەرزان بولغىنى بىلەن ئاران بەش پارچە كىلەم ئىكەنغۇ؟

تەلەيخان: يىگىت، سەن بۇنى ئاز كۆرمە. بۇ گىلەملەر سودىمىزغا يول ئاچىدىغان مال. بۇنى سېتىپ داڭ چىقىرىۋەتسەڭ، گىلەم دېگەن ئۆيىمىزدە تويپى بىلەن بار. قېنى بازاردىكىدەك توۋلاپ باقە ...

مەتقاسىم: (بۇرۇتىنى تولغاپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ) كېلىڭلار خالايىقلار، ھاجەتمەنىنىڭ گىلىمى، ئەرزان قىلدۇەتتىم. تاش رەڭ گىلەم، كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ ئال!...

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

[ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىر كۈن كېيىن. سەھنە كۆرۈنۈشى: ئالدىنقى كۆرۈنۈش بىلەن ئوخشاش. بىر تەرەپتە تەلەيخان بىلەن زەرىپە پۇل سانىماقتا، يەنە بىر تەرەپتە كازىم بىلەن ئىلىيار پۇل سانىماقتا.]

زەرىپە: ئانا، سىزنىڭ راستلا ئىپىڭىز بار ئىكەن. بۈگۈنكى گىلەم بازىرى بىزنىڭلا بولدى. ھەممە خېرىدار بىزنىڭ دۇكانىمىزغا ئاقتى.

تەلەيخان: مەن دېمىدىممۇ قىزىم، مېنىڭ سىزدىقىمىدىن چىقمىساڭلا ھەرگىز زىيان تارتمايسەن.

زەرىپە: ئەمسە ھېلىقى ئۆيدىكى گىلەملەرنى دەرھال چىقارساق بولغۇدەك.

تەلەيخان: ياق. گىلەم بېدىكلىرى كۆپرەك خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چىقىرىسىز.

[تەلەيخان بىلەن زەرىپە پۇل سانىشىۋېتىپ بارا - بارا سەھنىگە دۈمبىسى بولۇپ قالىدۇ. كازىمنىڭ ھويلىسى تەرەپتە پۇل سانىشىۋاتقان كازىم بىلەن ئىلىيار بارا - بارا تاماشىبىنلارغا ئالدىنى قىلىدۇ. تەلەيخان قىزى بىلەن پىچىرلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.]

ئىلىيار: دادا، بۈگۈنكى ئاياغ بازىرى بىزنىڭلا بولدى. ئاياغ ئالالمىغانلار «يەنە بارمۇ!...» دەپ نىيازنى چۆرىدەپلا يۈرۈيدۇ.

كازىم: ئوغلۇم، بىلىپ قوي. پۇل تېپىشنىڭ ئىپى دەل شۇنداق بولىدۇ.

ئىلىيار: ئەمدى ھېلىقى ئۆتۈكلەرنى بازارغا سالساق بولارمىكىن.

كازىم: ئالدىرىما. بازار كۈنى يۈز نەچچە كىشىلىك ئاياغنى بىر يولى ئېلىپ چىقىمىز - دە، ھەممە كارامەتنى شۇ چاغدا كۆرسەن.

[بۇ چاغدا شەمىدە كىرىپ قالىدۇ. كازىم شۇ ھامان كېپىنى توختىتىپ چىقىپ كېتىدۇ. شەمىدە رەخت پارچىلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.]

شەمىدە: ئىلىيار، ئاڭلىسام بىزنىڭ ئۆيدە يەڭ ئىچىدە سودا - سېتىق قىلىدىغانلار بارمىش. بىز كىشىلەرنى ئالداپ - سالداپ پۇل تېپىشىمىز لازىمۇ ياكى كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈش ئاساسىدا پۇل تېپىشىمىز لازىممۇ؟

ئىلىيار: سەن ئۆزۈڭنىڭ سوداڭنى بىل. سوداڭنى ئاختۇرالماي تۇرۇپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن؟

شەھىدە: نېمە؟

ئىلىيار: ھازىرقى زاماندا كىم پۇل تاپالىسا شۇ نوچى. پۇل تېپىش يوللۇق.

شەھىدە: ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. كىشىنى ئالدىغانلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئالدايدۇ.

ئىلىيار: بىز ھېچكىمنى ئالدىغىنىمىز يوق. ھارام ئوقەتنىمۇ بىلمەيمىز!

[شەھىدە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كازىم ئالدىراش يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.]

كازىم: ئوغلۇم يەنە بىر ئامەت كەلدى.

ئىلىيار: نېمە ئامەت؟

كازىم: ئالدىمىزدىكى كوچىدا بىر ياش گىلەمچى گىلەم سېتىۋاتىدىكەن. قارىسام ئوبدانشـتەك گىلەملەر ئىكەن. توقۇلۇشى چىڭ، پۇلى ئەرزان ... ئەگەر 10 پارچە ئېلىپ گىلەم بېدىكلىرىگە ئۆتكۈزسەك، ھېچ بولمىغاندا 800 كوي پايدىسى قالىدۇ دېگىنە.

ئىلىيار: راست ... راست، ئەرزان گىلەمنى ئۇچراتماق ئاسان ئەمەس. قېنى ئۇ گىلەمچى؟

كازىم: باشلاپ كەلدىم ... ھازىر كىرىدۇ ... ھە ... مانا كەلدى.

[مەتقاسىم قول ھارۋىسىدا گىلەمنى ئېلىپ كىرىدۇ. كازىم بىلەن ئىلىيار گىلەملەرنى ئېچىپ سىنچىلاپ قارايدۇ.]

ئىلىيار: بۇ قايسى گىلەمچىنىڭ توقۇغان گىلىمى؟

مەتقاسىم: سەھرا گىلىمى.

ئىلىيار: (پەس ئاۋازدا كازىمغا قاراپ) سەھرالىق ساختا ھۈنەر قىلمايدۇ.

كازىم: كەل ئۇكا، بۇ ئون پارچە گىلەمنىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن. لېكىن ھەر بىر پارچىسىغا بەش كويدىن ھەشقاللا قىلىمەن.

مەتقاسىم: ياق بولمايدۇ.

ئىلىيار: ماقۇل دەڭ. سەھرانىڭ ئادەملىرى ئۇنداق جاھىل بولمايدۇ.

كازىم: ئەكەل قولۇڭنى، تۆت كويدىن ھەشقاللا قىلدىم. (قولىنى يەرگە شاپىلاقلاپ مەتقاسىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ) مە، پۇلنى سانىۋال!

[مەتقاسىم پۇلنى ساناپ ئېلىپ قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىلىيار بىلەن كازىم گىلەمنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. تەلەيخان بىلەن زەرىپە كوچا تەرەپتىن پاراڭلىشىپ كىرىدۇ.]

تەلەيخان: قىزىم، ھارۋىدا سۆرەپ ئېتىۋاتقان ئۆتۈكلەرنى كۆردۈڭمۇ؟

زەرىپە: كۆردۈم.

تەلەيخان: قىزىم، قارا نېمىدېگەن ئەرزان ئۆتۈكلەر - ھە ... ئەگەر كۆپرەك سېتىۋېلىپ، باشقا بازاردا ساتساق قالتىس پايدىسى قالاتتى.

زەرىپە: راست، خېلى ياخشى تىكىلىپتۇ، ئاياللار ئۆتۈكلىرى تېخىمۇ نوچى ئىكەن.

تەلەيخان: ئەرەنچە، ئۆتۈكتىن يۈز كىشىلىك ئېلىپ ئالدىمىزدىكى بازارغا تەييارلىساق، ئايالـ چىمدىن ئىككى كىشىلىك ئېلىپ ئۆزىمىز كىيىۋالساق قانداق؟

زەرىپە: شۇنداق قىلايلى ئانا. بالدۇرراق ئېلىۋالمىساق ھېلى تۈگەپ كېتىدۇ. ھە راست، بۇ تېخى ھېلىقى خەقلەرنىڭ ماختاپ يۈرگەن ئۆتۈكلىرىدىن ئىكەن.

تەلەيخان: قىزىم، ئۆتۈكچى ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ قالدى، تېز چاقىر.

[زەرىپە چىقىپ كېتىپلا، نىياز بىلەن ھارۇننى ئەتتىرىپ كىرىدۇ.]

تەلەيخان: ئۆكام، بولدى سودىمىز پۈتتى. بايا دېيىشكەن كېپىمىز گەپ بولسۇن. ھەممە سىنى ئالىمەن. قېنى پۇلنى سانىۋېلىڭ.

[نىياز پۇلنى ساناپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، زەرىپە بىلەن تەلەيخان ئايالچە ئۆتۈكـ نى كىيىپ باقىدۇ، ئاندىن قالغان ئۆتۈكلەرنى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپىنى ئېتىپ سىرتقا مېڭىۋاتقاندا، دىلشات كىرىپ كېلىدۇ.]

تەلەيخان: بالام دىلشات، تەييارلىغان ئاياغلارنى ماڭا ئەكىلىپ بەر. ئۆزۈم سېتىپ بېرىمەن.

دىلشات: ئانا، تېخى پۈتمىدى.

تەلەيخان: (ھەيران قېلىپ) نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇن جۈپ ئاياغنىمۇ تېخى پۈتتۈرۈپ بولالمىدىڭمۇ؟ مۇنداق سۆرىلىپ يۈرسەڭ قانداق پۇل تاپالايسەن؟ بىز سىلەرگە چوڭ توي قىلىپ بېرىمىز دەپ كېچە - كۈندۈز پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرسەك، سەن تېخىچە...

دىلشات: ئانا، ھۈنەرنى تېز قىلىمەن دەپ، ئاياغ پۇختا تىكىلمىسە، ئاياغ ئالىدىغانلارغا ئۇۋال بولمامدۇ!

تەلەيخان: ئۇۋال بولۇشى بىلەن چاتىقىڭ نېمە؟ پۇل تاپساڭلا بولدى!

دىلشات: ئانا، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. ھارام يول بىلەن پۇل تېپىشقا مېنىڭ ۋىجدانىم چىدىمايدۇ.

تەلەيخان: (تېخىمۇ ھەيران قېلىپ) نېمە؟ ۋىجدانىڭ چىدىمايدۇ؟ بىلىپ قوي، سەن دېگەن ئوقەتچى!...

دىلشات: ئانا، ھالال ئوقەتچىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ھارامخورلارنىڭ ۋىجدانى ئەزەلدىن ئوخشىمايدۇ. ھازىر بەزى موزدۇزلار بېشىنى تارشا گۈزگۈتقا چاپلاپ چەم ياساپ، قوي تېرىسىنى كالا خۇرۇمى قىلىپ، ھەممە يېرىنى كېلى بىلەن يەملەپ، چېرىدىن بىلەن رەڭ بېرىپ ئاياغ تىكىپ سېتىۋاتىدۇ. بۇنداق ئاياغنى ئىككى سائەت كىيـ سىلا ئەبجەقى چىقىپ كېتىدۇ. دەرۋاقە ئانا، بۇلارنى قانداقمۇ ئوقەتچى دېگىلى بولىدۇ؟

تەلەيخان: كىم پۇلنى جىق تاپالىسىلا، شۇ نوچى ئوقەتچى!

دىلشات: (ئاپىسىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە غەزەپ بىلەن) ئۇنداقلار ھارامخور، كاززاپ ئوقەتچى. ئۇنداقلار ھازىر ھالال ئوقەتچىلەرنىڭ نامىنى بۇلغاپ، خېرىدارلارنى ئالداۋاتىدۇ.

تەلەيخان: «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەك، قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن گەپ بار. ئۇنداق ئەخمەقلەرنى سەن ئالداپ يېمىسەڭ، باشقىلار سېنى ئالداپ يەيدۇ.

دىلشات: مەن پۇل تاپالماي ئاچ قالسام قالىمەنكى، لېكىن ئۇنداق ھارام يولغا ھەرگىز ماڭمايمەن.

تەلەيخان: (غەزەپ بىلەن) نېمە قىلساڭ قىل. تويۇڭنى قىلالمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىڭدىن كۆر. مېنىڭ كارىم يوق. تىككەن ئاياغلىرىڭنىمۇ سېتىپ بەرمەيمەن. بىر مۇنچە ئاياغلارنى ئېلىپ بازارغا تەييارلاپ قويدۇم. ئۇ ئاياغلار شۇنداق ئېسىلكى، ھەم ئەرزان، ھەم چىرايلىق، ھەم پۇختا... (ئاچچىقىدا بۇتنىپ ئۇيانىدىن بۇيانغا ماڭىدۇ.)

دىلشات: ئانا، ھېلىقىدەك كاززاپ موزدۇزلارنىڭ يالغان ئاياغلىرىدا ئۇچراپ قالمىغىن يەنە.

تەلەيخان: خاتىرەڭنى جەم قىل. مەن يالغان ئاياغنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دۆت - كالۋالاردىن ئەمەس. خەققە بوزەك بولىدىغان جېنىمنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن...

[دىلشات چىقىپ كېتىدۇ، زەرىپە يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.]

زەرىپە: ئانا، بۈگۈن تويغا بارماقچى ئەمەسمىدۇق. (پاقىنى كۆرسىتىدۇ.)

تەلەيخان: ھە، شۇنداق... بۇ تويىنىڭ ئىگىسى چوڭ دۇكاندار باي كىشىلەر. بىز تويغا ھېلىقى يېڭى ئاياغلىرىمىزنى كىيىپ بارايلى!

[تەلەيخان بىلەن زەرىپە ئىيازدىن ئالغان ئاياغنى كىيىپ تاقىلداپ مېڭىپ تۇرغاندا سەلەي كىرىپ كېلىدۇ.]

تەلەيخان: مانا، قاراڭلار، بۇ ئاياغنى ... ھەم چىرايلىق، ھەم ئەرزان. بۇنداق ئەرزان ئاياغلارنىڭ ئالدىدا دىلشاتنىڭ قىممەت ئاياغلىرىنى كىم ئالىدۇ؟

سەلەي: ھە ... مۇبارەك بولسۇن. بۇ ئاياغنى كىيىپ نەگە بارماقچى؟

تەلەيخان: مېھمانغا بارماقچى، قانداق؟ جۇۋان - چوكانلارنىڭ ئالدىدا تاقىلداپ ماڭغۇدەك چەت ئەل پوسۇنىدىكى ئاياغلار ئىكەن.

[تاقىلداپ دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. زەرىپە بىر چەتتە ئاياغنى كىيىۋاتقاندا، دىلشات كىرىپ قالىدۇ ۋە ئاياغنى كۆرۈپ باقىدۇ.]

دىلشات: سىڭلىم بۇ ئاياغنى نەدىن ئالدىڭ؟ چىرايلىق بولغىنى بىلەن چاتىقى باردەك قىلىدۇ.

زەرىپە: ئاكا، بۇنىڭ چاتىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ بۇ ئاياغنى ھەممە كىشى ماختاۋاتسا.

[بۇ چاغدا زەرىپەنىڭ بىر نەچچە قىز دوستلىرى ھويلىغا كىرىپ كېلىدۇ.]

قىز ئا: ھەي ئاداش، تويغا بىللە بارايلى دەپ كەلدۇق.

زەرىپە: ھە... ھازىرلا ماڭايلى... مەن تەييار. (ئايىغىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ.)

قىز ئا: ئاداش ئايىغىڭ ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەن. نەدە تىكىپتۇ؟

زەرىپە: شياڭگاڭدا تىكىلگەن ئاياغ ئىكەن ... ھە ... بىر سودىگەردىن بەك قىممەت باھادا سېتىۋالدىم.

قىز ب: ئاداش، تويدا ئۇسسۇل ئوينىماق، ھەممە كىشى پۈتۈنگەلا قارايدىغان بولدى - دە!

زەرىپە: شۇنداقمۇ؟... ئۆزۈممۇ ئاجايىپ شوخ بىر ئۇسسۇل ئويناشنى خىيال قىلىۋاتىمەن. (ئايىغىغا زوق بىلەن قارىۋېتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پىرقىراپ توختايدۇ. خۇشال كۈلكە)

[بۇ چاغدا بىر نەچچە چوڭ ئايال كىرىدۇ.]

ئايال ئا: تەلەي خېنىم، تويغا بىللە بارايلى دەپ كەپتۇق.

زەرىپە: (ئۆي تەرەپكە قاراپ) مېھمان كەلدى.

[تەلەيخان ئۆي ئىچىدىن ياسىنىپ چىقىدۇ.]

تەلەيخان: ۋاي كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار!

زەرىپە: (ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىگە قاراۋېتىپ) ۋىيەي، مەنمۇ زەر دۇخاۋا كۆڭلىكىمنى كىيىپ چىقاي! (كىرىپ كېتىدۇ.)

ئايال ئا: ۋىيەي تەلەي خېنىم، ئاياغلىرى ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، قەيەرنىڭ ئايىغى ئىكەن؟

تەلەيخان: چەت ئەل ئايىغى ئىكەن.

ئايال ب: راستىلا نوچى ئاياغ ئىكەن... قايسى دۆلەتتە تىكىلىپتۇ؟

تەلەيخان: ئاڭلىسام... ئىران تەرەپتە تىكىلگەن ئاياغمىش... ھە!... شەھىرىمىزگە ئىككى جۈپ كەپتىكەن، قىسمەت بولسىمۇ قىزىم بىلەن ئېلىپ كىيىۋالدۇق. ھە ... ئولتۇرۇڭلار، ئازراق مەزە ئەكىلەي، ئاندىن بىللە ماڭايلى.

[ئۇ چاي ئەكىلىشكە ئالدىراپ يۈگۈرەيدۇ، بىردىن بىر پۇتىنى سۆرەشكە باشلايدۇ. يەنە بىر ئازدىن كېيىن، يەنە بىر پاي ئايىغىنىڭ چەمىدىن چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر پارچە كاردون قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ. تەلەيخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ.]

تەلەيخان: (يانباپان) ۋاي ئۆلەي ... ئاپئاق ياغىچىنى چەم قىلىپ، مۈشۈك تېرىسىنى ئاشلاپ چاپلىغان ئوخشىمامدۇ؟ ... ۋاي قانداق قىلاي ... كاززاپنىڭ ئايىغىغا ئۇچراپتىمىز ...

ئايال ئا: تەلەيخان خېنىم، نېمە بولدى؟ ئۆتۈكلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟

تەلەيخان: ئۆتۈكۈم توپا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ...

[تەلەيخان يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتىنى سۆرەپ مەزە ئەكىلىدۇ. قىزلار بىلەن چوڭ ئاياللار چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىدۇ. پىيالىغا چاي قۇيىماقچى بولۇپ ماڭغاندا ئۇ بىر ئايىغىنى پۇتىدىن ئېلىپ چاڭگاللاپ تۇرۇپ قالىدۇ.]

تەلەيخان: (يانباپان) ۋاي قانداق قىلاي، پاشنىسىمۇ ماكچىيىپ قاپتىغۇ؟ ۋاي ئۆلەي ... قەغىزىمۇ چۇۋۇلۇپ چىقتىغۇ؟...

ئايال ب: ھوي تەلەي خېنىم، ساقلاپ قالدۇق. ئاياغلىرىغا يەنە نېمە بولدى؟...تېزراق بولمامىلا؟

تەلەيخان: ھېچنېمە ... ھېچنېمە بولغىنى يوق ... پۈتۈم ئاغرىۋاتىدۇ.

[قەغزى چۇۋۇلۇپ چىققان يېرىنى دەرھال يېپىۋالىدۇ. بىراق ئاياللار ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئايال ئا ئايال ب نىڭ قۇلىقىغا «قەغەز ئاياغ» دەپ كۈلىدۇ. تەلەيخان خۇدۇكسىرەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. بۇچاغدا زەرىپە ئۆيدىن ياسىنىپ چىقىدۇ.]

زەرىپە: ئاي ... ھاي ... (پىرقىراپ توختايدۇ) تويدا ئوينايدىغان ئۇسسۇلۇمنى بۇ يەردە بىر سىنىۋېتەي، قانداق دەيسىلەر؟

ئاياللار: ياخشى گەپ. ھەممەيلەن بىر پەدە ئۇسسۇل كۆرۈپ ماڭايلى.

[تەلەيخان ئايىغى ئېچىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ مىدىرلىماي تۇرۇۋالىدۇ.]

ئايال ئا: تەلەي خېنىم ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە.

[تەلەي خېنىم مېڭىشى بىلەنلا ئايىغىنىڭ قەغىزى چىقىپ قالىدۇ - دە، بۇلۇڭغا بېرىپ كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن دەرھال يېپىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. باشقىلار كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. زەرىپە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئايىغىنىڭ چەمدىن قەغەز كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قىزلار پىچىرلىشىپ زاڭلىق قىلىدۇ. لېكىن زەرىپە ھېچنېمىنى سەزمەي پىرقىراۋېرىدۇ. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ كۈلكىگە قالغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال ئۇسسۇلدىن توختاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ - دە، كۆڭلىكىنىڭ پېشىدە ئايىغىنى ئورىۋالىدۇ. يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.]

ئايال ب: بولدى كۈلمەيلى. چەت ئەل ئۆتۈكلىرى تەرەققى قىلىپ، قەغەزگە ئايلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ.

[ھەممەيلەن يەنە كۈلىدۇ.]

تەلەيخان: (چاڭۋاقاپ) كۈلگەن ئاغزىڭلارغا ئوت كەتسۇن ئىلاھىم ...

ئايال ئا: ئادەم باي بولغانسېرى پىخسىقلىشىپ قەغەز ئۆتۈك كىيىدىكەن - دە؟ ... (يەنە كۈلكە)

تەلەيخان: ھازىرقى كۈندە كىمنىڭ پۇلى بىزدىن جىق؟ كىم بىزگە يېتىشەلەيدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا مېنىڭ ئايىغىمغىلا قاراپ كۈلىسىلەر؟ مەن كىيگەن ھەرەمنىڭ زەر دوخاۋسىنى كىم كىيەلىدى؟ ... بۇ كەشمىر ياغلىقچۇ؟ قولىقىمدىكىچۇ؟ مانا بىلىكىمدىكى بەش جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك ئون ئىككى مىڭ يۈەنگە يارايدۇ. بۇ كىمنىڭ قولىدا بار ئىكەن. (بىردىنلا ھۆكۈرەپ يىغلايدۇ.)

[قىزلار چىقىپ كېتىشىدۇ.]

ئايال ئا: يۈرۈڭلار، بىز مېڭىۋېرەيلى. (ھەممەيلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

زەرىپە: مەن بۈگۈن ئىزاغا ئۆلدۈم! ... ماڭا توي ئەمەس، ئۆلۈم بولدى!...

تەلەيخان: بولدى گەپ قىلما! ۋاي قانداق قىلاي ... مەن ئۆلدۈم! ئىزاغا ئۆلدۈم!...

[بۇ چاغدا دىلشات تىكمىگەن ئاياغ ۋە ھۈنەر سايمانلىرىنى ئېلىپ كىرىدۇ.]

دىلشات: ئانا سىلەرگە نېمە بولدى؟

تەلەيخان: (ئۆزىنى كاچاتلاپ زارلايدۇ) ۋاي ئۆلەي... بۇ نېمە رەسۋاچىلىق، بۇ نېمە شەرمەندىلىك. مەن بۈگۈن خەقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىزاغا ئۆلدۈم. مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ ... تېز ماڭ قىزىم. ھېلىقى كاززاپنى تاپ! كاززاپنى ...

[زەرىپە چىقىپ كېتىدۇ.]

تەلەيخان: ئوغلۇم دىلشات دەپباقە. بۇ كاززاپ موزدۇزلار مەندەك بىر خوتۇننى بوزەك ئەتسە بولامدۇ؟ (ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ.)

دىلشات: ئانا سەۋرى قىلىڭ. «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسە قىيامەتتە سورىقى بار» ئەمەسمۇ؟

تەلەيخان: (بىردىنلا يىغىسىنى توختىتىپ) نېمە؟ مەن قاخشاۋاتسام سەنمۇ كېلىپ زەھەر چاچامسەن؟ ... يوقال! ... يوقال كۆزۈمدىن!

دىلشات: ئانا بۇ گەپنى ئۆزىڭىز قىلغانغۇ؟...

تەلەيخان: ئاغزىڭنى يۇم. يوقال!...

دىلشات: ئانا، خاپا بولماڭ، مەن شۇ كاززاپ موزدۇزنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىككى قولىقىنى كېسىۋېلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرەي. (نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

[بىردەمدىن كېيىن سەلەي كىرىپ كېلىدۇ.]

تەلەيخان: ۋاي ئۆلەي ... مەن ئىزاغا ئۆلدۈم. مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ ... (سەلەيگە) ھوي سىز ئەركىشى تۇرۇپ ماڭا لايىقىدا ئاياغ ئەكىلىپ بەرمەستىن، ئاخىرى كاززاپقا ئۇچرىدىم ئەمەسمۇ؟ ۋاي ئۆلەي...

سەلەي: ھوي خوتۇن، مەن ئالغان ئاياغنى سىلە ياراتمايسىلە ئەمەسمۇ؟...

تەلەيخان: ۋاي ئۆلەي ... ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. سىلە ھېلىقى ئۆتۈك ساتقان كاززاپنى دەرھال تېپىپ بېرىڭلا. بولمىسا ئۆلۈۋالىمەن، ئۆزۈمنى ئۆستەڭگە تاشلايمەن. (ئۇ بىردىنلا سەنتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.)

سەلەي: (تەلەيخاننى دەرھال تۇتۇۋالىدۇ) خۇدايىم بىر ساقلىدى، ۋاي ئوبدان خوتۇن، ئۆلىمەن دېمەڭلا... خۇدايىم ئۆمرۈڭلىنى بەرسۇن. ئىككى باللىمىزنىڭ تويى ئىشلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ...

تەلەيخان: (ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ) لېكىن كاززاپنى تۇتماي قويمايمەن. ئۇ كاززاپ مېنىڭ بىر مىڭ سەككىز يۈزكوي پۇلۇمنى تۈگەشتۈردى. بىلەمسىلە ... بىرمىڭ سەككىز يۈز كوي ... دەرھال ئىزدەپ تېپىڭلا ... بولمىسا مەن ... (بېشى قايىدۇ.)

سەلەي: (تەلەيخاننى دەرھال تۇتۇۋالىدۇ) خوتۇن ... مەن ئۇ كاززاپنى نەدىن تاپىمەن؟

تەلەيخان: راست سىلىنىڭ قولىرىدىن كاززاپنى تۇتۇش كەلمەيدۇ، زادى ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇ كاززاپنى زەرىپە تۇتقىلى كەتتى. تۇتالمىسا قۇدام كارىماخۇنغا دەيمەن. ئۇ كىشى كاززاپنى چوقۇم تاپالايدۇ.

سەلەي: بولدى ئانىسى، ئۆزۈڭلىنى يوقاتماڭلا. كاززاپمۇ تېپىلىپ قالار...

[زەرىپە بىر جۈپ ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ.]

زەرىپە: ئانا، ھېلىقى كاززاپنى ئىزدەپ بارمىغان كوچام قالمىدى. زادى تاپالمىدىم!...

تەلەيخان: ۋاي ئاللا ... قانداق قىلاي، بېشىمنى يەيدىغان كاززاپلار! بولدى ھەممىڭلار كارغ كەلمىدىڭلار. ئۆزۈم تاپىمەن! (سىرىدىنلا ئېچىشىپ قاراپ قالىدۇ - دە، يەنە شۇ ھامان توختاپ قالىدۇ.)

زەرىپە: ئانا، نېمىگە قاراۋاتىسىز؟

تەلەيخان: شۇك تۇر ... گەپ قىلما! (يەنە قارايدۇ.)

سەلەي: خوتۇن ... بوشراق ئېچىشىڭلا... بايامقىدەك بولمىسۇن يەنە...

تەلەيخان: گەپ قىلماڭلا. جىم ... ھە ... ئەمدى تونۇۋالدىم. ھېلىقى مۇغەمبەر ئۇماق كىيگەن دەل ئۆزى شۇ. ئۇمىتمەدىن تونۇۋالدىم. كۆردۈڭمۇ قىزىم...

زەرىپە: ھەئە ... كۆردۈم. ئۇمىتقى ئوخشايدىكەن ... شۇ بولسا كېرەك.

تەلەيخان: دەل ئۆزى شۇ!... قوغلايلى!... كاززاپنى تۇتايلى! ... چاققان ئىزىغا چۈشەيلى! ...

سەلەي: خوتۇن ئالدىرىمايلى، ئاستا يۈگۈرەيلى، سىلىدە قان بېسىم بار.

تەلەيخان: نېمىگە ئالدىرىمايمىز؟ يۈر قىزىم، ئىككىمىز ئالدىنى توسايلى.

[تەلەيخان بىلەن زەرىپە تېز مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر نېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ - دە، بىر دۇمۇلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈرەيدۇ. تەلەيخان بەكمۇ سېمىز بولغاچقا يۈگۈرۈشى بەكمۇ تەسكە چۈشىدۇ.]

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

[ئورنى: بازار. ۋاقتى: شۇ كۈنى. تەلەيخان ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان كىشىنى قوغلاپ كېلىپ گەجگىسىدىن تارتىدۇ. ھارۋا ئۆرۈلۈپ كېتىپ، باشقا غالتەكتىكى گۆش ۋە شورپىلارنى ئۆرۈۋېتىدۇ. تەلەيخاننىڭ يۈزىگە قىزىق شورپا چاچراپ كۆيۈپ قالىدۇ.]

تەلەيخان: ۋاي كۆزۈم، ھوي كاززاپ، مەن نەگە قاچماقچى. (كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قاراپ، ئالدىدا تۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى يۈزىنى قورۇق باسقان كوسا كىشىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىدۇ) خاپا بولمىسىلا. سىلى ئەمەس ئىكەنلا! كاززاپ ئەمەس ئىكەنلا!

كوساكىشى: (كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ) ھوي سارالڭ خوتۇن، سىزگە نېمە بولدى. ماڭا نېمە دېمەكچى؟ مەن قاچان كاززاپلىق قىپتىمەن - ھە؟ ...

تەلەيخان: ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ... مەن سىلىنى ئۆتۈك ساتىدىغان كاززاپ ئوخشايدۇ دەپ، خاتا تونۇپ قاپتىمەن ... خاپا بولمىسىلا! (تەزىم قىلىپ) مەن ناماقۇل ... ناماقۇل ...

كوسا كىشى: (غەزەپ بىلەن) توختاپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال ھارۋامنى ئوڭشىۋالاي، ئاندىن سۆزلىشىمەن.

[يولۇچىلار توپلىشىپ كېلىپ ھارۋىنى ئوڭشايدۇ. بۇ چاغدا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا دەز كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.]

كوسا كىشى: ئېسىت ... ئېسىت، بۇنى قانداق قىلاي؟ ... ھارۋام كاردىن چىقىپتۇ ئەمەسمۇ؟... (تەلەيخانغا تىكىلىپ) ھوي مەزلۇم بۇنى تۆلەڭ! ... ھارۋامنى تۆلەڭ! ...

غالتەكچى: ھوي خوتۇن، كۆش بىلەن شورپامنى تۆلەڭ!

تەلەيخان: ئۇنداق دېيىشمىسىلە، مەن بىر كەمبەغەل مۇساپىر ئايال، بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق! ...

كوسا كىشى: پۇلۇم يوق؟ ... ئۇنداق بولسا قولىڭىزدىكى ئالتۇن بىلەيزۈكنى بېرىڭ.

غالتەكچى: قولىقىڭىزدىكى ئالتۇن زىرىنى بېرىڭ.

تەلەيخان: ئۇنداق دېيىشمىسىلە، ھېلىقى ئۆتۈكچى كاززاپتىن تارتقان زىيانلىرىم ئاز ئەمەس... ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار...

كوسا كىشى: ھارۋام سۇنسا ماڭا ئۇۋال بولمامدۇ؟ بولمىسا بىز قانۇنغا بېرىپ سۆزلىشەيلى، يۈرۈڭ! (تەلەيخاننىڭ چىرايىغا زەڭ سېلىپ قاراپ توختاپ قالىدۇ) ھە ... مەن سىزنى ئەمدى تونۇۋاتىمەن. ئۆتكەن بىر كۈنى بىزنىڭ مەھەللىگە تەخەي تۈكى يىغىشقا كەلگەن گىلەمچى خوتۇن سىز ئەمەسمۇ؟ تەخەي تۈكىنى ھېچكىم ئىشلەتمەمسە، سىز نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ يۈرۈڭ، بىراقلا شۇ يەردە سۆزلىشەيلى.

تەلەيخان: (قورقۇپ كەينىگە داجىيىدۇ ۋە كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلىپ كالپۇكلىرى تىترەيدۇ) ياق ... ئۇ مەن ئەمەس ... مەن ئەمەس ... مەن كاززاپ ئەمەس، ۋايجان ... بويىنۇم ئاغرىۋاتىدۇ، يەنە بەل تۇرۇۋالدى. مەڭ، بۇ ئەللىك كويىنى ئېلىپ كېتىڭ، بۇنىڭدىن باشقا پۇلۇم يوق، مەن دوختۇرخانىغا باراي.

غالتەكچى: ياق مەن سىزدىن بىر قويىنىڭ گۆشىنى تۆلىتىمەن. يۈز كوي بېرىڭ.

كوسا كىشى: مەنمۇ ئون بەش كويىنى نەق ئالىمەن.

تەلەيخان: ۋاي چىشىم ... ۋاي چىشىم ...

كوسا كىشى: تېزلىكىلىك قىلماڭ، ئاختۇرۇپ تېپىۋالىمەن ... (يېقىن كېلىدۇ.)

تەلەيخان: ياق، ياق، ماڭا تەگمەڭ ... نامەھرەم بولىدۇ. (تېخىمۇ ۋارقىرايدۇ) ۋاي چىشىم ...ۋاي چىشىم... مەن خۇش بولاي. مەندەك ئاجىز تەقۋادار خوتۇنغا رەھىم قىلىڭلار، خۇدا بىرگە ئوننى قوشۇپ بېرەر. مەن نامىزىمدا دۇئا قىلاي ... (ئىككىسىگە ئايرىم - ئايرىم پۇل ساناپ بېرىدۇ.)

غالتەكچى: بوپتۇ خەير. قالغان ھېساباتنى كېيىن قىلىشىمەن.
[تەلەيخان بويىنىنى قىڭغىر قىلىپ مېڭىپ كېتىدۇ. كوسا كىشىمۇ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ" كېتىدۇ.]
(ئوتتۇرا پەردە يېپىلىدۇ.)

## ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش.

(ئوتتۇرا پەردە ئالدى.)
[تەلەيخان ھاسىراپ ئوتتۇرا پەردە ئالدىدىن ئۆتىدۇ.]
تەلەيخان: (يانبايان) بويىنۇممۇ ئاغرىۋاتىدۇ. يۈز ئون بەش كوي پۇلغا يۈرىكىممۇ ئاغرىۋاتىدۇ. خەپ ... ھېلىقى كاززاپ تېپىلسا مۇشۇ پۇللارنىمۇ شىلىسىغا ئارتىمەن. (ۋارقىراپ يىغلايدۇ) ۋاي ئېسىت پۇلۇم! ۋاي ئېسىت. بىر يۈز ئون بەش كوي پۇلۇم. (يەنە ۋارقىراپ يىغلايدۇ.)
[بۇ چاغدا زەرىپە يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.]
زەرىپە: ئانا، نېمە بولدى؟
تەلەيخان: نېمە بولاتتى، بىزنىڭ قوغلىغىنىمىز ھېلىقى كاززاپ ئەمەس ئىكەن! ھارۋا ئۆرۈلۈپ كېتىپ بىر يۈز ئون بەش كوي تۆلىدىم. ئېسىت پۇلۇم.
زەرىپە: ئانا بۇنداق جاپا تارتقىچە، ساقچىغا خەۋەر قىلساق بولمامدۇ؟
تەلەيخان: ئاغزىڭنى يۇم! بىزدىن كىملەم ئېلىپ بىزنى ئىزدەۋاتقانلارغا ئۇچراپ قالساق قانداق قىلىمەن؟
[زەرىپە ئۈشتۈمتۇت يەردىن بىر نەرسە ئىزدەيدۇ.]
تەلەيخان: قىزىم، نېمە بولدى؟
زەرىپە: (يىغلامسىراپ) ئانا، بايا يۈگۈرگەندە قۇلىقىمدىكى بىر تال ئالتۇن زىرەم چۈشۈپ قاپتۇ...
تەلەيخان: (يىغلامسىراپ) قىزىم بىزدىن ئامەت قاچقان ئوخشايدۇ. ھېلىقى كاززاپ تېپىلسا ئالتۇن زىرىنىمۇ ئۇنىڭغا تۆلىتىمىز! (ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ.)
(ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش تۈگەيدۇ.)
[ئوتتۇرا پەردە ئېچىلىپ بازار كۆرۈنۈشى كۆرۈنىدۇ. شەمەدە دوپپا سېتىۋاتقاندا دىلشات بىر جۈپ ئاياغ كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.]
دىلشات: سىزنى ساقلىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن.
شەمەدە: ياق. دوپپىنى بايىلا سېتىپ تۈگەتتىم.
دىلشات: (قاتلانغان چىمەن دوپپىنى كۆرۈپ) بۇ دوپپا ئېشىپ قاپتۇ - دە.
شەمەدە: ياق بۇ سېتىلمايدۇ.
دىلشات: نېمىشقا؟

شەمدە: (تەبەسسۇم بىلەن) سەۋەبىنى كېيىن دەپ بېرەي.

دىلشات: شەمدە، ئانام بىلەن دادىڭىز ئاكىڭىز ئىلىيارغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ قايچا تۇدا بولۇشۇپتۇ. شۇڭا چوڭ توي ئۈچۈن پۇلنى جىق تاپ، دەپ مېنى قىستاۋاتىدۇ. تويىمىزنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈشىمۇ شۇ سەۋەبتىن.

شەمدە: (كۆزىگە ياش ئېلىپ) قارىغاندا دادام تويلۇقنى يەنە ئېغىرلاتقان ئوخشىمامدۇ؟ (يانچۇقىدىن پۇل چىكىنى ئېلىپ) خىجالەت تارتىسىڭىز بۇنى ئىشلىتىڭ. ھەرگىز ھارام يولغا ماڭماڭ!

دىلشات: شەمدە بۇ پۇل سىزدە قالسۇن. تويدىن كېيىن بىللە ئىشلىتەيلى. مەن ھالال ئەمگىكىم بىلەن جەزمەن پۇل تاپالايمەن. خاتىرجەم بولۇڭكى سىزگە چوقۇم ھالال تەر ئاققۇزۇپ تاپقان پۇلغا تويلۇق ئالىمەن. ئۆلەر ھالغا يەتسەممۇ ھارام ئىش قىلمايمەن!

شەمدە: (قايىل بولغان ھالدا) رەھمەت سىزگە! سىزنىڭ مۇشۇ ۋىجدانىڭىز مەن ئۈچۈن گۆھەردىنمۇ قىممەت. (دىلشات پۇلنى شەمدەنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۆزىنى تىكىدۇ) ماقۇل. بۇ پۇلنى كەلگۈسىدىكى كەسپىي ئائىلىمىز ئۈچۈن ساقلاپ قوياي. (تەبەسسۇمغا تولغان كۆزلەر بىر - بىرىدىن ئۈزۈلمەيدۇ. شەمدە قاتلانغان چەمەن دوپپىنى ئېلىپ دىلشاتنىڭ بېشىغا ئاستا كىيگۈزۈپ قويىدۇ) بۇ دوپپىنىڭ سېتىۋېلىنغىنىدىكى سەۋەب مۇشۇ...

دىلشات: رەھمەت سىزگە ... سىز قايتقاچ تۇرۇڭ، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار.

[شەمدە چىقىپ كېتىدۇ. دىلشات بىر نەچچە جۈپ ئاياغلارنى تىزىپ قويۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، سەلەي كىرىپ كېلىدۇ.]

سەلەي: ئوغلۇم سوداڭ قانداقراق؟

دىلشات: يامان ئەمەس. لېكىن ...

سەلەي: نېمە بولدى، چىرايىڭ باشقىچە كۆرۈنىدىغۇ؟

دىلشات: بىر جۈپ ئۆتۈك يەكپاي تىكىلىپ قاپتىكەن، بىر قېرى بوۋاي بىر پايىنى كىيىپ بېقىپلا ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

سەلەي: سەن ئۇ كىشىنى تونۇمسەن؟

دىلشات: ياق تونۇمايمەن. لېكىن ... ئۇ ئادەمنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە تەرەپتىن چىقىپ كەلگىنىنى بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم...

سەلەي: ئەمىسە ئۇ كىشىنى جەزمەن ئىزدەپ تېپىش كېرەك. غەللە ساندۇقىغا ھالال پۇل كىرسۇنكى، ھارام پۇل كىرمىسۇن.

دىلشات: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. مەن بۈگۈن ئۆتۈكنى مۇشۇ يەردىلا ساتقانىدىم. شۇڭا خېرىدارنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

سەلەي: ئوبدان بوپتۇ، مىدىرلىماي ئولتۇر. ئۇ خېرىدارمۇ سېنى ئىزدەۋاتقاندۇر.

[ئۇزۇن ئۆتمەي بىر بوۋاي بىر جۈپ ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ.]

بوۋاي: ئوغلۇم... بىر ئۆتۈك يەكپاي ئىكەن ئەمەسمۇ...

دىلشات: شۇڭا مەن سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدىم بوۋا، يەكپاي ئاياغنى ماڭا بېرىڭ، پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي.

بوۋاي: رەھمەت ئوغلۇم، سەندەك ھالال ھۈنەرۋەنگە رەھمەت. مەندەك بىر ئىگە - چاقىسىز مۇساپىرغا رەھىم قىلغىنىڭغا مىڭ رەھمەت ئوغلۇم!

دىلشات: بوۋا ئەتە دۇكانغا بېرىڭ، مەن سىزگە دەل كېلىدىغان ئۆتۈكتىن بىر كىشىلىك تەييارلاپ قوياي.

بوۋاي: رەھمەت ئوغلۇم، ھۈنىرىڭ كۆللەپ كەتسۇن. بىرگە ئوننى تاپقايسەن ئوغلۇم!

سەلەي: (بوۋايغا) ئاتا پۇلنى سانىۋالسىلا، كەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

بوۋاي: ياق، ئىشىنىمەن. سىلەردىن ھارامخورلۇق چىقمايدۇ.

[بوۋاي چىقىپ كېتىدۇ. تەلەيخان بىلەن زەرىپە دىلشاتنى ئىزدەپ كىرىدۇ.]

تەلەيجان: ھەممە ئادەم دۇكاننى يېغىپ بولسا، سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

دىلشات: بىر قېرى كىشى يەكپاي تىكىلىپ قالغان ئاياغنى ئېلىپ كەتكەنىدى، ئۇ كىشىنى ساقلاپ تۇرۇپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەردىم.

تەلەيخان: دۇنيادا قولغا كەلگەن تەييار پۇلنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدىغان سەندەكمۇ ئەخمەق ئادەم بولارمۇ؟

دىلشات: ئۇ كىشى ئىگە - چاقىسىز بىر مۇساپىر ئىكەن. ئۇنىڭ ھەققىنى يېسەك توغرا بولامدۇ؟

سەلەي: ئوغلۇم، ئوبدان ئىش قىلدىڭ. ھالال ئىش قىلىپ پۇلنى ئازراق تاپساڭمۇ ئۆز رىسقىڭنى تاپالايسەن.

تەلەيخان: ھازىرقى چاغدا ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ، پۇلنى كۆپ تاپالىغان كىشىنى ئوقەتچىلىك نوچىسى دەيمىز. سىلەرنىڭ قايسى قىلىقىڭلار ئوقەتچىگە ئوخشايدۇ.

[تەلەيخان بىلەن زەرىپە، دىلشات بىلەن سەلەينى زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ.]

[چىراغ ئۆچۈپ يەنە ئاستا - ئاستا يورۇيدۇ.]

[ۋاقتى: ئىككىنچى كۈنى. ئورنى: بازار. دىلشات جىلمىقى بوۋايغا ئاياغ دەللەپ كىيدۈرىدۇ. دەل كەلگەندىن كېيىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.]

دىلشات: بوۋا، رازى بولۇڭ.

بوۋاي: ئوغلۇم، مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سېنىڭ ئاق نىيەت، ھالال ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىڭنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەردىم. نۇرغۇن كىشىلەر ساڭا ئاياغ تىككۈزمەكچى. سەن ئەمدى تېخىمۇ كۆكلەپ روناق تاپىسەن ئوغلۇم!

دىلشات: رەھمەت ئاتا، دېگەنلىرى بولسۇن.

[دىلشات ئاياغلارنى دولىسىغا ئارتىپ تەۋلاپ چىقىپ كېتىدۇ. شەمسەم دوپپا سېتىپ كېلىۋاتقاندا، ئايزىنەخان يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.]

ئايزىنەخان: قىزىم سېنىڭ ھۈنىرىڭدىن ھەممە كىشى رازى بولۇۋاتىدۇ. باش كىيىملىرى ماگىزىنى سەن بىلەن دوگوۋار تۈزۈشمەكچى بولدى.

شەمدە: راستمۇ؟ (ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلايدۇ.)

ئايزىمخان: مۇشۇنداق روناق تاپساڭلار، ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت دېگەندەك كەسپىي ئائىلە بولالايسىلەر.

شەمدە: ئانا، ئاڭلىسام سىز توقۇغان گىلەملەرنىڭ نۇسخىسىمۇ تاشقى سودا ئىدارىسىگە يا-راپ قاپتۇ. قارىغاندا بۇندىن كېيىنكى گىلەملىرىڭىز دۇنيا بازىرىغا كىتىدىغان ئوخشايدۇ.

[ئايزىمخان تەبەسسۇم بىلەن قىزىنى قۇچاقلايدۇ ۋە ئىككىسى ئاستا مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. زەرىپە بىلەن ئەلىيار بازاردا ئۇچرىشىپ قالىدۇ.]

ئەلىيار: (زەرىپەنىڭ ئالدىغا كېلىپ) مەن ئەلىيار بولىمەن. سىز زەرىپە بولامسىز؟

زەرىپە: ھەئە...

ئەلىيار: يۈرۈڭ، ماروژنى يەيلى.

[ئۇلار ماروژنى يېگەچ سۆزلىشىدۇ.]

زەرىپە: مېنى قانداق تونۇيسىز؟

ئەلىيار: باشقىلار كۆرسىتىپ قويغان. ئاڭلىسام دادام بىلەن ئانىڭىز قايتا قۇدا بولۇشۇپ، ئىككىمىزنىمۇ باغلاپ بوپتۇ.

زەرىپە: ھەئە... مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم.

ئەلىيار: سىز قانداق ئويلايسىز؟

زەرىپە: قانداق ئويلايتتىم، ئەلۋەتتە ماقۇل بولىمەن. ئاڭلىسام قولىڭىزدىن نى - نى ئىش-لار كېلىدىكەن. ھازىرقى كۈندە غوجامنىڭ غوجىسى پۇل. ھە... ئەپچىلەم دەپ داڭ-قىڭىزمۇ بار ئىكەن تېخى. بۇ نامىڭىز ماڭا تولىمۇ ياقتى.

[ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.]

ئەلىيار: مېنىڭ دادامنىڭمۇ ئەپچىلەم دەپ نامى بار. لېكىن، بىزنىڭ شەمدە دۆت - ئەخمەق-لەردىن بولۇپ قالدى. قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

زەرىپە: مېنىڭ ئاكام دىلشاتمۇ شۇنداق. ئۇنىڭمۇ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. ئۇ ئىككى ئەخ-مەقنىڭ ئۇچرىشىپ قالغىنى تېخىمۇ قىزىق ئىش. (كۈلكە)

ئەلىيار: راست قىزىق ئىش. ئىككىمىزنىڭ خۇي - پەيلىمۇ ئاجايىپ ئوخشايدىكەن.

زەرىپە: ھەئە... تولىمۇ ئوخشايدىكەن. (بىر - بىرىگە يېقىن كېلىشىدۇ، كۆزلىرى بىر - بىرىگە تىكىلىدۇ.)

ئەلىيار: ھەر ئىككىمىز بىر نىكاھلىق بولغانلار ئىكەنمىز. بۇ كەرەپمۇ ئوخشايدىكەن.

زەرىپە: ھەئە... بۇمۇ ئوخشايدىكەن. (يەنە يېقىن كېلىشىدۇ.)

ئەلىيار: «تېپىشمىغىچە ئېلىشالماس» دېگەندەك، ئىككى ئۆيدىن ئىككى خىل كىشىلەر تويى قىلى-دىغان بولدۇق. بىر ئۆي گۈلدەك ئېچىلسا، يەنە بىر ئۆي گۈلدەك توزۇيدىغان بولمىسا دە!...

زەرىپە: ئىككىمىزنىڭ ئۆيى ئەلۋەتتە گۈلدەك ئېچىلىدۇ. سىز ئۇ ياقتا پۇل تاپسىڭىز، مەن بۇ ياقتا ئاي... ھاي... (كۈلكە)

(پەردە چۈشىدۇ.)

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

[ئورنى: ھويلا. سەلەي ھويلىدا سەيپۇڭچىلىق قىلماقتا.]

تەلەيخان: (ئۈچ پارچە كىچىك رەختنى قولىغا ئېلىپ) بۇ ئۈچ پارچە يوللۇق سارجا پۈتۈنلەي ئوخشايدىكەن. ئۇشبۇ ئۈچ پارچىنى بىر قىلسا ماڭا بىر پەلاتى چىقىدىكەن.

سەلەي: رەختلەرنى جايىدا قويۇڭلا. بۇ خەقنىڭ كىيىملىرىدىن ئاشقان رەخت، ئۆزىگە قايتۇرمىساق بولمايدۇ.

تەلەيخان: (ئاچچىقلىنىپ) تېخىچە شۇ گەپنى قىلىپ يۈرەمسىلە؟ قەيەردە سىلىدەك ئەخمەق ئادەم بار؟ بەزى سەيپۇڭلار ئاشقان رەختنى ئىگىسىگە قايتۇرماي شەپكە تىكىپ ساتىدىكەنغۇ؟

سەلەي: مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن.

تەلەيخان: ۋاي خۇدايىم. ھازىرقى جاھاندا قايسى بىر ھۈنەرۋەن ھالال ئوقەت قىلىدۇ؟ ماڭا ئۆتۈك ساتقان كاززاپنى ئۇنتۇپ قالدىڭىلمۇ؟

سەلەي: ھالال ئوقەتچىلەر ھامان كۆپ سانلىق، ھارامخورلار بەرىبىر ئاز سانلىق.

[تەلەيخان سەلەيگە ئالىيىپ قويۇپ، بىر چەتتە تۇرغان قارا رەختنى قولىغا ئېلىپ كۆرىدۇ.]

تەلەيخان: بۇ قارا سارجا مېنىڭ سارجام بىلەن ئوخشاش بولغاندىكەن تېگىشىۋالسام قانداق؟

[سومكىسىدىن رەختنى چىقىرىپ كۆرسىتىدۇ.]

سەلەي: ياق، بولمايدۇ. ئىككى رەختنىڭ سۈپىتىمۇ، باھاسىمۇ ئوخشىمايدۇ. سىزنىڭ مېتىرى 23 كويلۇق ئاددىي سارجا، خەقنىڭ 30 كويلۇق ئېسىل سارجا تۇرسا.

تەلەيخان: بۇ رەختنىڭ ئىگىسى مال تونۇمايدىغان سەھرالىق تۇرسا. قانداق پەرق ئېتىدۇ؟

سەلەي: پەرق ئېتەلمەيدۇ دەپ، ھارامخورلۇق قىلسىڭىز بولامدۇ؟

[تەلەيخان ئاچچىقلىنىپ دومسىيىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ سەلەينىڭ دەزمال سېلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى رەختنى ئالماشتۇرۇپ سومكىغا سېلىۋالىدۇ ۋە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭىدۇ.]

سەلەي: (كەينىدىن قوغلاپ) خوتۇن بۇ ئىشىڭلار زادى بولمىدى.

تەلەيخان: مەن نېمە قىلدىم؟

سەلەي: (رەختنى كۆرسىتىپ) خەقنىڭ رەختىنى نېمىشقا تېگىشىۋالىسىلە؟

تەلەيخان: (ئامالسىزلىقتىن، ئىقرار قىلىپ) راست تېگىشىۋالدىم. لېكىن بىرەر قېتىم تېگىشىۋالسام نېمە بوپتۇ؟

سەلەي: بۇ خەقنىڭ تويلۇق رەختى. بولمايدۇ، بېرىۋېتىڭلا.

تەلەيخان: ۋاي تۇۋا. بەزى سەيپۇڭنىڭ خوتۇنلىرىمۇ دائىم مۇشۇنداق قىلىپ قاتمۇ - قات كىيىملەرنى كىيىۋالىدىكەن. توي كۈنى مەنمۇ كىيسەم نېمە بوپتۇ. بەرمەيمەن دېدىم، بەرمەيمەن!

سەلەي: (قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كېتىدۇ) ئەستاغپۇرۇللا، ۋوي خوتۇن، جاھىللىق قىلماڭلا! بۇنداق قىلساڭلا كاززاپلىق بولىدۇ.

[تەلەيخان كاززاپ دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان كۆزلىرى چەكچىيىپ تاڭ قې-تىپ قالىدۇ - دە، كالپۇكىنىڭ يېنىدىكى قارا مەڭدىن ئۈنۈپ چىققان ئۇزۇن تۈك-لىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدۇ.]

تەلەيخان: (دەرغەزەپ بىلەن) نېمە؟... سىزمۇ مېنى كاززاپ دېمەكچىمۇ؟... ھە!... سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مەن كاززاپمۇ تېخى. بولدى، سىزدەك ئېرىم يوق! خېتىمنى بېرىڭ!... خېتىمنى!...

[دەل بۇ چاغدا زەرىپە بىر جۈپ ئايالچە ئاياغنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن دىلشات قوغلاپ كىرىدۇ.]

دىلشات: سىڭلىم زەرىپە، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن كاززاپ مۆيمەكەردىن سېتىۋالغان ناچار ئايىغىڭنى دۇكانغا تاشلاپ قويۇپ، خەقنىڭ يېڭى ئايىغىنى ئېلىپ كېتىپسەنغۇ؟

زەرىپە: ئاكا، سەن ئۇ ئاياغنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى يەملەشتۈرۈپ قىلىپقا ئېلىۋەتسەڭلا چا-ھايدۇ ئەمەسمۇ؟

دىلشات: سىڭلىم، ساختا ئىش قىلساق بولمايدۇ. ئۇنداق قىلما. ئاياغنىڭ ئىگىسى بۈگۈن كەلمەكچىمىدى. (تەلەيخاننىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ، سەلەيگە قا-رايدۇ) سىلەر نېمە بولۇشتۇڭلار؟

[سەلەي دىلشاتنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلايدۇ.]

دىلشات: ھە... ئەھۋال مۇنداق ئىكەندە. (تەلەيخان بىلەن زەرىپەگە قاراپ) ھەر ئىككىڭلار خەق-نىڭ نەرسىسىنى بېرىۋېتىڭلار. بولمىسا بۇ مەسىلىنى تەشكىل بىلەن ھەل قىلىمىز.

[تەلەيخان بىلەن زەرىپە دىلشاتقا ئالىيىدۇ. تەلەيخان ھېلىقى رەختنى ئېلىپ كىمە-كىمزىدە ئولتۇرغان سەلەينىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. زەرىپە بىر جۈپ يېڭى ئاياغنى ئې-لىپ دىلشاتقا بېرىۋېتىپ قىيداپ يىغلايدۇ.]

[مەتقاسىم ئالدىراش كىرىپ تەلەيخاننى يەر چەتكە چاقىرىدۇ.]

مەتقاسىم: (پەس ئاۋازدا) ھازىرچە كوچىغا كىلەم ئېلىپ چىقمايلى.

تەلەيخان: نېمىشقا؟

مەتقاسىم: ئاڭلىسام بىزدىن كىلەم سېتىۋالغان بەزى خېرىدارلار سۈرۈشتە قىلىۋاتقۇدەك.

تەلەيخان: قورقماڭ، سىزنى مەھەللىدە ھېچكىم تونۇمايدۇ. ھېچكىمگە تونۇشلۇق بەرمەڭلا خەق تونۇۋالسا سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس. (يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بېرىدۇ) ھازىرچە بۇ پۇلنى خەجلەپ تۇرۇڭ. لازىم بولغاندا سىزنى ئىزدەيمەن. دەرھال قايتىڭ.

مەتقاسىم: ماقۇل. مەن ئايالىمغا پەلتۇ بىلەن غىجىم رومال ئېلىۋالاملا قايتىپ كېتىمەن.

[مەتقاسىم چىقىپ كېتىدۇ. باشقىلار ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ئىلىيار تۈۋۈن كەيپى-ياتتا كىلەم باسقان ھارۋىنى سۆرەپ ھويلىغا كىرىدۇ.]

كازىم: بالام ئەلىيار، گىلەمنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ كەپسەنغۇ؟
ئەلىيار: گىلەم بىدىكلىرى بىرنىمۇ ئالمىدى.
كازىم: نېمىشقا؟
ئەلىيار: بىدىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى تۈلكىنىڭ تەخەي تۈكىنى قوشۇپ توقۇغان چىپتا گىلەم ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ.
كازىم: (ئالاقزادە بولۇپ) نېمە؟!... تەخەي تۈكى... چىپتا گىلەم؟!... ياق ئۇنداق ئەمەستۇ؟... (ئالدىراپ - سالدىراپ گىلەمنى ئېچىپ قارايدۇ) ماڭا ئۇنداق كۆرۈنمەيدىغۇ...
ئەلىيار: دادا، بىز بىلمەيمىز - دە. گىلەم بىدىكلىرىدىن پەقەت ئەلا ئۇستىلىرىلا بىلەلەيدىكەن.
كازىم: ئەستاغپۇرۇللا!... بىر كاززاپقا ئۇچراپتىمىز - دە، (ساقىلىنى سىيپاپ) ئەستاغپۇرۇللا!... ئوغلۇم، بىزگە گىلەم ساتقان ھېلىقى كاززاپنى چوقۇم تاپايلى. بولمىسا تۈگەشكىنىمىز شۇ... نەچچە ۋاقىتتىن تاپقان ۋەج - ئوقەتلىرىمىزنىڭ كۆككە سورۇلغىنى شۇ. ئىزدەيلى، كاززاپنى ئىزدەيلى. (پىشانىسىگە شاپىلاقلاپ كارىۋاتقا سەنتۈرۈلۈپ چۈشىدۇ ۋە ئايزىخانغا بۇرۇلىدۇ) ھوي خوتۇن سىلىمۇ ئىزدىشىپ بېرىڭلا. كاززاپنى تېپىڭلا، كاززاپنى!...
ئايزىخان: ئۇ كاززاپنى مەن تونۇمسام نەدىن تاپىمەن؟
ئەلىيار: (كازىمغا) دادا، ئۇ گىلەمچىنى مەنمۇ ئىزدەپ باقتىم. لېكىن بازاردا كۆرۈنمەيدۇ.
كازىم: ئەستاغپۇرۇللا... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ تۈگەشتۇق، تۈگەشتۇق! ياق جەزمەن تاپماي بولمايدۇ. ئۆزۈم ئىزدەيمەن! جەزمەن تاپىمەن! (ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ.)
ئەلىيار: دادا ساقچىغا مەلۇم قىلساق تۇتۇپ بەرمەمدۇ؟
كازىم: ئاغزىڭنى يۇم! قاپقانغا چۈشكۈڭ كەلدىمۇ؟ جۆر! ئۇ كاززاپنى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ تاپماي بولمايدۇ. (كازىم بىلەن ئەلىيار چىقىپ كېتىدۇ.)
(ئورتا پەردە يېپىلىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

[ئورتا پەردە ئالدى. مەتقاسىم پەلتۇ بىلەن غىجىم رومال ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر سېتىقچىنى ۋارقىراپ توختىتىدۇ.]
مەتقاسىم: بۇ رومال بىلەن پەلتۇنى ساتامسىز؟
سېتىقچى: ھەئە...
مەتقاسىم: بۇ رومال بىزنىڭ خوتۇنغا چوقۇم يارايدۇ. (پەلتۇغا سىنچىلاپ قاراپ) بۇ پەلتۇمۇ قالتىس ئىكەن. بىراق ئۆزۈم كىيىپ بېقىپ ئالاي.
سېتىقچى: (كۈلۈپ كېتىپ) ھوي ئايالىڭىزغا ئالىدىغان پەلتۇنى سىز كىيىپ باقامسىز؟
مەتقاسىم: ئەلۋەتتە... ھە... ئايالىم بىلەن بويىمىز تەڭ، بەستىمىز تەڭ. ماڭا دەل كەلگىنى ئايالىمغىمۇ دەل كېلىدۇ.

سېتىمەقچى: (كۈلۈپ) تازىمۇ قىزىقچى ئىكەنسىز، ھوپتۇ كىيىپ بېقىڭ.

مەتقاسىم: (كىيىپ بېقىپ) چاتاق يوق، دەپمۇ - دەل كەلدى.

[پۇلنى تاپشۇرۇپ پەلتۇ بىلەن ئىچىم رومالنى قاتلاپ ئېلىپ ماڭىدۇ - دە، قارشى تەرەپتىن كەلگەن كازىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. مەتقاسىم كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچىدۇ. سېتىمەقچى مېڭىپ كېتىدۇ. كازىم قوغلاپ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنە بارا-بارا قاراڭغۇلىشىدۇ. يەنە ئورتا پەردە ئالدى. مەتقاسىم ئورتا پەردە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كازىم قاراڭغۇدا ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئورتا پەردە ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەلىيارنى تونۇماستىن كاپلا قىلىپ تۇتىۋالىدۇ. ھەر ئىككىسى تەڭلا «كاززاپ» دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئىككىسى دادا، بالا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن «ئەستاغ...» دەپ ئۈشتۈمتۇت كەينىگە داجىيدۇ.]

كازىم: ئوغلۇم، كاززاپ... ھېلىقى كاززاپ... كىملەمچى كاززاپ!...

ئەلىيار: قېنى؟

كازىم: قاچتى... ساڭا ئۇچرىمىدىمۇ؟

ئەلىيار: ياق.

كازىم: ئەمسە سەن ئاۋۇ تەرەپتىن قوغلا. مەن ماۋۇ تەرەپتىن قوغلاي!... `قاراڭغۇ چۈشۈۋاتىدۇ. تېز بول!

[كازىم بىلەن ئەلىيار ئىككى تەرەپكە مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. ھېرىپ - چارچاپ قېچىۋاتقان مەتقاسىم ئورتا پەردە ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ.]

مەتقاسىم: ئەستاغ، قوغلاپ كەلدى. ئەمدى قانداق قىلاي؟ (ئويلىنىدۇ ۋە دەرھال ھېلىقى ئايالچە پەلتۇنى كىيىپ، ئىچىم رومال بىلەن يۈزىنى چۈمكەپ ئايالنى دوراپ غىتىلداپ مېڭىپ باقىدۇ) كەلدى... ئەمدى تونۇۋالغىنىنى كۆرەي!...

[كازىم ئۇ تەرەپتىن كىرىپ ئايالچە ياسانغان مەتقاسىمنى تونۇمايدۇ.]

كازىم: (ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ) ھوي چوكان، بىر ياش بالىنى كۆردىڭىزمۇ؟

[مەتقاسىم گەپ قىلماي نازلىنىپ تۇرىدۇ.]

كازىم: (ئۇنىڭغا ۋارقىراپ) ھوي چوكان خېنىم... ھوي روياش خېنىم. بىر بۇرۇتلۇق ياش يىگىتنىڭ ئۆتكىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟

[مەتقاسىم بېشىنى بۇرىمايلا، يان تەرەپكە قول ئىشارەت قىلىدۇ ۋە غىتىلداپ مېڭىپ سول تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ.]

كازىم: تۇۋا... ئالدىرىغاندا كاچا قىزغا ئۇچراپتىمەن - دە.

[ئۇ يەنە مەتقاسىم ماڭغان تەرەپكە مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. مەتقاسىم ئوڭ تەرەپتىن كىرىپ بېشىدىن روماللىنى ئېلىۋېتىدۇ. يىراقتىن بىر كىمنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ رومالنى يەنە چۈمكەپ ئايناقلاپ مېڭىپ، كىرىپ كېلىۋاتقان ئەلىيارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.]

مەتقاسىم: (يانبايان) خۇداغا شۈكرى! ھەر ئىككىسىنى ئازدۇرۇپ قۇتۇلدۇم، لېكىن مادار قالمىدى. كەينىمگە يېنىشقا بولمايدۇ. بىر ئامال قىلىپ بىر كىمنىڭ ھويلىسىدا بىر ئاز يوشۇرۇنۇپ ئاندىن ماڭاي. ھىم... ھە راست. ئاۋۇ يەردە بىر ئايال چېلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيى مۇشۇ يېقىندا ئوخشايدۇ.

[ئايزىخان چېلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. مەتقاسىم ئايزىخان كەلگەن تەرەپكە مېڭىپ قورساقنى تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا ئىنجىقلاپ يېقىن كېلىدۇ.]

ئايزىخان: ھوي خېنىم، نېمە بولدىلا؟ (ئۇ قورساقنى تۇتۇپ ئىشارەت قىلىدۇ) قورساقلىرى ئاغرىۋېتىپتىدۇ - دە؟

مەتقاسىم: (بېشىنى لىڭشىتىدۇ)...

ئايزىخان: ۋاي بىچارە، تىلى يوق ئىكەندە. يولدىن كەچ قالغان ئوخشايدۇ. (ئۇنى ئاستا يۆلەيدۇ) يۈرسىلە خېنىم، بىر پىيالە قىزىق چاي دەملەپ بېرەي، ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭسىلا.

(ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش تۈگەيدۇ.)

[ئوتتۇرا پەردە ئېچىلىدۇ.]

[ئايزىخان مەتقاسىمنى ئاستا يۆلەپ ھويلىسىغا ئەكىرىدۇ ۋە چاي قويۇپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كازىم ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە سۇپىغا ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى سالماقچى بولىدۇ.]

كازىم: ھوي خوتۇن، ئايىغىمنى تارتىۋەتكىلا. پۇتۇم قاپىرىپ يېغىر بولۇپ كەتتى... يەرگە دەسسەشكە ھالىم يوق... قاناپ كەتتى...

ئايزىخان: (ئايىغىنى تارتىۋېلىپ) ھوي... راستىنلا قاناپ كېتىپتۇ، نېمىشقا مۇنچىلىك بولۇپ كەتتى؟

كازىم: ھېلىقى كاززاپنى قوغلايمەن دەپچۇ... ھۇ مۇناپىق كاززاپ... ھوي ئاستا... ئاستاراق تارتىڭلا، ئاغرىپ كەتتى. ۋاي پۇتۇم... ۋاي پۇتۇم!

[ئايزىخان ئاياغنى تارتىۋاتقان چاغدا مەتقاسىم رومالنى قايرىپ قاراپ قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ ۋە شۇئانلا يۈزىنى يېپىۋالىدۇ.]

مەتقاسىم: (يانبايان) ئەستاغپۇرۇللا... قاپقانغا چۈشۈپتىمەنغۇ... ئەمدى قانداق قىلاي؟...

كازىم: ھوي خوتۇن ئاۋۇ ئولتۇرغان كىمنىڭ قىزى؟

ئايزىخان: سەھرالىق ئوخشايدۇ، مىجەزى يوق ئىكەن... چاي ئىچىۋېلىپ ماڭسۇن دېدىم.

كازىم: ئوغلىمىزغا مۇشۇنداق بىر سەھرالىق قىز ئۇچرىغان بولسىمۇ، تويلۇقى ئەرزان چۈشەتتى.

ئايزىخان: ھوي دادىسى نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ گەپ قىلالمايدىغان گاچا قىز ئىكەن...

كازىم: ۋاي توۋا... بۇمۇ گاچا قىزمىكەن؟ (يەنە بىر پۇتىنى تەڭلەپ) بۇنىمۇ تارتىڭلا... ھە... ئاستاراق، ئاغرىپ كەتتى... ھۇ مۇناپىق كاززاپ. ئەگەر تۇتۇۋالسام، پۇلۇمنى تۆلىتىپ ئالغاننىڭ تېشىدا ئىككى قۇلىقىنى چاينىۋېتەتتىم!

[مەتقاسىم يەنە قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ. ئۆتتۈكنى تارتىۋاتقان چاغدا قېچىپ كې-
تىشكە تەمشىلىپ ئاستا قارايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرۇتى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. كازىم
ئۇنى كۆرۈپ بىردىن ۋارقىرايدۇ.]

كازىم: كاززاپ!... ھۇ كاززاپ!...

[كازىم بىر پۇتى يالاڭئىدىاق، يەنە بىر پۇتىدىكى ئايىغىنى سۆرىگەن ھالدا سەك-
رەپ چۈشىدۇ. ھەش - پەش دېگۈچە مەتقاسىم ئۆزىنى سىـــرتقا ئاتىــدۇ - دە،
ھېرىپ - چارچاپ كېلىۋاتقان ئەلىيارغا ئۇرۇلۇپ ئۇنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. مەتقاسىم
قېچىپ كېتىدۇ. ئەليار ئورنىدىن تۇرغىچــە كازىم يۈگۈرۈپ كېلىپ. قاراڭــغۇدا
بايقىماي چاپان بىلەن ئەليارنى يېپىپ بېسىۋالىدۇ.]

كازىم: ھۇ كاززاپ! ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭــمۇ؟ (ۋارقىرايــدۇ) كــاززاپ تۇتۇلــدى! كاززاپ!...

ئەليار: (تېگىدە تۇرۇپ ۋارقىرايدۇ) دادا... مەن كاززاپ ئەمەس...

[كازىم ئەليارنى تۇرغۇزۇپ ئالاقزادە بولىدۇ. ئەليارنىڭ بۇرنىدىن قان كېتىدۇ.]

ئەليار: دادا، بۇ نېمە ئىش، كاززاپقا كۈچۈڭ يەتمەي، مېنىڭ بۇرنۇمنى قانىتامسەن؟

كازىم: جېنىم ئوغلۇم، خاپا بولما... كاززاپنى باستىم دەپ سېنى... ھەي... خاپا بولما...

ئەليار: بۇرنۇمنى قانىتىپ بولۇپ خاپا بولما دېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟

كازىم: (تېرىكىپ) خاپا بولما دېگەن ياخشى گەپقۇ. خاپا بولغىن دېسەم بولاتتىمۇ ئەمە-
سە؟ بولدى ھېچقىسى يوق! (ئەليارنىڭ بۇرنىغا پاختا تىقىپ قويىدۇ) كاززاپ تۇتۇلسا
بۇرنۇڭنىمۇ تۆلىتىمىز، ھوي خوتۇن... مەن كاززاپنى تــۇتــالماي يــۈرســەم
ئۇنى يوشۇرۇپ قويغىنىڭلار نېمىسى... ھە، بۇ زادى نېمە ئىش؟

ئايزىمخان: ئۇنىڭ كاززاپلىقىنى نەدىن بىلەي.

كازىم: بۇرۇتلۇق، ئايالچە كىيىنىۋالسىمۇ تونىيالمىدىڭلىمۇ؟

ئايزىمخان: بۇرۇتى رومالنىڭ ئىچىدە تۇرسا قانداق تونۇيمەن؟!

[كازىم ئايزىمخاننى قوغلاپ ئىككى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئايزىمخان ئــۆيگــە قېچىپ
كىرىپ كېتىدۇ.]

كازىم: (ئەليارغا) يۈر ئوغلۇم، ئايالچە ياسىنىۋالغان كاززاپنى ئىزدەيلى.

(ئوتتا پەردە يېپىلىدۇ.)

## ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش

[ئوتتا پەردە ئالدى. ئوتتا پەردە ئالدىدىن 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال يۈ-
زىنى غىجىم رومال بىلەن چۈمكەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كازىم بىلەن
ئەليار ماراپ چىقىدۇ.]

كازىم: ئوغلۇم، قارا ئاۋۇ كېتىۋاتقان ھېلىقى... ئۆيىمىزدىن قېچىپ كەتكەن...

ئەليار: (كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ) ھە... راست... غىتىلداپ مېڭىشلىرىغا قارىغاندا ئايالچە
ياسىنىۋالغان كاززاپ شۇدەك قىلىدۇ... (سىنچىلاپ قارايدۇ) كىيگەن پەلتوسىمۇ

شۇ... غىجىم رومىلىمۇ شۇ... دادا، قوغلاپ باقايمۇ؟

كازىم: توختا، تۈنۈگۈنكىدەك بىر كاللا قويۇپ قاچمىسۇن يەنە... سەن ئاستا مېڭىپ بىر چەتتە مۆكۈنۈپ تۇر، مەن كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ بىر ئامال قىلىپ رومىلىنىڭ تېگىدىن بۈرۈتىغا قاراپ باقاي، ئەگەر شۇ بولسا ئاندىن كېيىن ... (بىللە تۇتۇشنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئىلىيار بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولىدۇ ۋە پەردە كەينىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

كازىم: (يانبايان) بىزدىن قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا ھېلىقى كاززاپ دەل شۇ ئوخشايدۇ. لېكىن بۈرۈتىنى كۆرمەي تۇرۇپ چاڭگال سالمايمەن.

[ئوڭ تەرەپتىن كازىم چىقىپ كېتىدۇ. سول تەرەپتىن ئايال كىرىدۇ.]

ئايال: (يانبايان) ۋىيەي... بىر شاپ بۈرۈت ئوغرى كەينىمگە چۈشۈۋالدىغۇ! قېرى لۈكچەك ئوخشىمامدۇ. (سۆزلەۋېتىپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ.)

[ئايال ئوڭ تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ. كازىم كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ.]

كازىم: (يانبايان) ئەگەر ھېلىقى كاززاپ شۇ بولسا بۈرۈتلىرىنى بىر تالدىن يۇلۇپ تاشلاپ، ئاندىن پۇلۇمنى ئالىمەن.

[كازىم سۆزلەۋېتىپ ئايالنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئايال سول تەرەپتىن كىرىدۇ.]

ئايال: (يانبايان) ۋىيەي، يۈرىكىم سوقۇپ كېتىۋاتىدۇ - يا. چاندۇرماستىن ئولتۇرۇۋالاي.

[ئايال بىر ھەرىدەلگەن كۆتەكنىڭ ئۈستىدە مەغرۇرانە ئولتۇرۇپ گازىر چېقىشقا باشلايدۇ. كازىم يېتىپ كېلىپ ئايالغا ئاستا يېقىنلايدۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆتەككە ئولتۇرۇپ ئايالغا كۆز سالىدۇ. ئايال كازىمغا دۈمبىسىنى قىلىپ رومالنى يېرىم قايرىپ گازىرنى چېقىۋېرىدۇ. كازىم يەنە قارىماقچى بولغاندا، ئايال ئۇنى بايقاپ بۇرۇلماقچى بولىدۇ - دە، كازىم ئالدىغا قارىۋالىدۇ.]

ئايال: (يانبايان) بۇ ئوغرى ماڭا پەش تارتىۋاتىدۇ. مەنمۇ بوش كەلمەي... (كازىم ئېگىشىپ يەنە بىر قېتىم رومالنىڭ تېگىدىن قارىماقچى بولغاندا، ئايال يۈزىنى ئېچىۋېتىپ ۋارقىرايدۇ) مانا كۆرۈۋېلىڭ. بولدىمۇ؟ مېنى نېمە قىلماقچى ئىدىڭىز؟ ھوشىڭىزنى بىلىپ يۈرۈڭ، يېنىمىزدا ساقچى ئىدارىسى بار.

[كازىم ھېلىقى ئايالنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ گەپ قىلالماي كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىدۇ.]

كازىم: خاپا بولمىسىلا... ھۆرمەتلىك خېنىم... ئەمەس ئىكەنلا. مەن ھېلىقى بۈرۈتلۈق كاززاپنى ئىزدەپ...

ئايال: نېمە؟ بۈرۈتلۈق؟... (بېشىدىكى رومالنى كۆرسىتىپ) غىجىم رومالنىڭ ئىچىدىن بۈرۈتلۈق چىققاننى نەدە كۆرگەن؟...

كازىم: ھۆرمەتلىك خېنىم... تۈنۈگۈن چىقىۋىدى... بۈگۈن چىقماي قالدى. خاپا بولمىسىلا.

ئايال: ياق، مەن سىزنى ساقچىغا ئېلىپ بارىمەن. (تاماشىبىنلار ئىچىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ) ھوي ساقچى ئۇكام، بۇ ئوغرى پوخورلۇق قىلىپ مېنى قوغلاۋاتىدۇ!

[بىرىنچى رەتتە ئولتۇرغان بۇرۇتلۇق ياش ساقچى سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.]

كازىم: ھى... ھى... مەندە ئۇنداق نىيەت يوق. مەن بىر بۇرۇتلۇق كاززاپنى ئىزدەپ... بۇرۇتلۇق... كاززاپ... بۇرۇتلۇق كاززاپ...

ساقچى: (قاتتىق ئاچچىقلاپ) نېمە؟ بۇرۇتلۇق بولسىلا كاززاپ بولامدىكەن؟

كازىم: ياق ئۇنداق ئەمەس... سىز ئەمەس... سىز ئەمەس...

ساقچى: كەپ قىلىڭ. سىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئايالنى قوغلايسىز؟

كازىم: (سۆزلەشكە كەپ تاپالماي) سىز نېمىشقا سەھنىگە چىقىۋالدىڭىز؟ نېمىشقا بۇ ئىشقا ئارىلىشىسىز؟

ساقچى: مەن خەلق ساقچىسى تۇرۇقلۇق، ناھەق ئىشقا ئارىلاشمامدىم؟

كازىم: سىز ئولتۇرۇپ ئويۇنىڭىزنى كۆرۈڭ. بۇ دېگەن سەھنە... سەھنە بىلەن كۆرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا چېگرا بار. چېگرا... چېگرا...

ساقچى: ئۇ چېگرا كۆپ جايلاردا بۇزۇپ تاشلاندى. سىلەر نېمىشقا بۇزالمايسىلەر؟

كازىم: بولدى، سىز ئارىلاشماڭ. بىز بۇ يەردە دراما ئويناۋاتىمىز... دراما!...

ئايال: كىم سىز بىلەن دراما ئويناپتۇ؟ ئويۇن كۆرۈۋېتىپ دوستۇمنى ئىزدەپ چىقسام قوغلاپ يۈرىسىزغۇ؟

كازىم: خاپا بولماڭ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، دەرھال ئولتۇرۇۋېلىڭ. ئويۇن تەرتىپىنى بۇزسىڭىز يەنىلا قوغلاپ سالىمەن. مەرھەمەت، ھەر ئىككىڭلار تۆۋەنگە چۈشۈپ ئولتۇرۇڭلار، ئويۇننى داۋاملاشتۇرىمىز.

[ساقچى بىلەن ئايال بىرىنچى رەتكە چۈشۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىيار كىرىپ كېلىدۇ.]

ئىلىيار: (پەس ئاۋازدا) ھوي دادا، راست بۇرۇتى بارمىكەن؟

كازىم: بولدى كەپ قىلما، فىجىم رومالدىن بۇرۇت چىقمۇرمەيدىكەن. كاززاپنى قوغلايمىز دەپ... (تۆۋەنگە قاراپ) ئاۋۇ خېنىمنى قوغلاپ يۈرۈپتۇق. راستىلا سەت ئىش بولدى...

(ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش تۈگەيدۇ.)

(چىراغ ئۆچۈپ ئوتتا پەردە ئېچىلىدۇ.)

[ئورنى: ھويلا. تەلەيخان سەلەيگە قاراپ چالۋاقىماقتا.]

تەلەيخان: بۇ ئۆيدە ماڭا كۆيۈنىدىغان ھېچ كىشى يوق. كاززاپ تېخىچە تېپىلمىدى. مەن بۇنچە سېمىز تۇرسام كاززاپنىڭ كەينىدىن قانداق يېتىمەن. پۇللىرىم قولدىن كەتتى، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟... ۋايجان! بويىنۇمغا پەل تۇرۇپ قېلىپ تېخىچە ساقايمىدى. (بويىنىنى قىڭغىر قىلىدۇ) مانا تۈز قىلاي دېسەممۇ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

سەلەي: خوتۇن، بوينۇڭلارغا تېۋىپلار لوڭقا سېلىپ قويسا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. (تاماشىبىنلارغا قاراپ) ئەنە... ئەنە... كوچىدا خوتۇنى بىلەن كېتىۋاتقان ئاۋۇ تېۋىپ لوڭقا قويۇشقا بەك ئۇستا...

تەلەيخان: چاقىرىڭلار، چاققان كىرسۇن.

سەلەي: (تاماشىبىنلار ئىچىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ) تېۋىپ ئۇستام، ھويلىغا كىرسىلە، ھويلىغا...

[خۇرجۇن ئارتىۋالغان تېۋىپ تاماشىبىنلار ئىچىدىن سەھنىگە چىقىدۇ.]

تەلەيخان: (بويىنىنى قىڭغىر قىلىپ) ھوي تېۋىپ ئۇستام. بويىنۇمغا يەل تۇرۇپ قېلىپ تولىمۇ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام ئۆزلىرى لوڭقا قويۇشقا ئۇستا ئىكەنلا...

تېۋىپ: ھەئە شۇنداق... بويىنىڭىزغا لوڭقا قويۇپ قويامدىم؟... كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، ئاۋۋال كۆرۈپ باقاي.

[تەلەيخان ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. تېۋىپ تەلەيخاننىڭ قىڭغىر بويىنىنى ۋە ئەڭگەكلىرىنى بېسىپ باقىدۇ.]

تېۋىپ: بۇ يەر ئاغرىمدۇ؟ بۇ يەرچۇ؟...بۇ يەرچۇ؟...

تەلەيخان: ۋايجان... ھەئە ئاغرىپ كەتتى. ھەممە يەر ئاغرىۋاتىدۇ.

تېۋىپ: چىڭ كەپ قىلىڭ. قۇلىقىم ئېغىر، ئاڭلىمايمەن.

تەلەيخان: (ئۈنلۈك تۈۋلايدۇ) ۋايجان! ھەممە يەر ئاغرىدى!

تېۋىپ: بولدى، ئەمدى ۋارقىرىماڭ. لوڭقا قويىدىغان يەلىنى تېپىۋالاي. (تەلەيخاننىڭ قىڭغىر بويىنىنى بىرلا قايرىپ تۈز قىلىدۇ.)

تەلەيخان: (قاتتىق ۋارقىراپ چېچىلىدۇ) ۋايجان، ۋايەي!...

تېۋىپ: ھە... بولدى، ئەمدى لوڭقا قويىمەن... بويىنىڭىز سېمىز ئىكەن... سېمىز ئادەمگە لوڭقا چىڭ تۇتىدۇ. (تېۋىپ لوڭقىنىڭ ئىچىگە بىر ئاز ئىسپىرت قويۇپ سەرەڭگىنى يېقىشى بىلەن تەلەيخان بىردىنلا سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ ۋە سەرەڭگىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.)

تەلەيخان: ۋايجان، بويىنۇمغا ئوت قويماقچىمۇ؟ چېچىمغا ئوت تۇتىشىپ، بېشىمغا ئوت كەتسە قانداق قىلىمەن.

تېۋىپ: قورقماڭ، ئوت كەتمەيدۇ.

تەلەيخان: ياق، مەن قورقىۋاتىمەن.

تېۋىپ: قورقماڭ، قورقماڭ. ئەگەر قورقسىڭىز لوڭقا قويماي چىقىپ كېتىمەن.

تەلەيخان: ماقۇل ئەمسە... كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇراي، چاققانراق بولسىلا... چاققانراق...

[تېۋىپ سەرەڭگىگە ئوت يېقىپ لوڭقىغا تۇتاشتۇرغاندا تەلەيخان چۆچۈپ كېتىدۇ، لېكىن چىڭ ئولتۇرۇۋالىدۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ گەدىنىگە ئىككى لوڭقا قويىدۇ.]

تېۋىپ: ھەببەللى... ناھايىتى چىڭ تۇتتى، ئەمدى ساقىيىپ كېتىسىز...

تەلەيخان: (پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ) ۋايجان! يۈرىكىم قىزىپ كەتتى. چاي ئىچىۋالاي... مىدىرلىسام لوڭقا چۈشۈپ كېتەمدۇ - يوق؟

تېۋىپ: ياق، ئات مىنىپ چاپتۇرسىڭىزمۇ چۈشمەيدۇ. ئەينەككە قارىڭا، لوڭقا چىڭ تۇتقىنىدىن شوراپ ئىچىگە تارتىۋالدى.

تەلەيخان: (ئەينەككە قاراپ) راست، ئاجايىپ چىڭ تۇتۇپتۇ. راستلا ئۇستا ئىكەنلا.

[تەلەيخان ئۇشتۇمتۇت دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نىيازنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە دەرھال «كاززاپ! كاززاپ!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە نىيازنى قوغلايدۇ. نىياز تەلەيخاننى كۆرۈپ تاماشىبىنلار ئىچىدە قاچىدۇ. تەلەيخاننىڭ كەينىدىن تېۋىپ قوغلاپ تاماشىبىنلار ئىچىگە كىرىدۇ.]

تېۋىپ: (تەلەيخاننى قوغلاۋېتىپ) ھوي خوتۇن لوڭقامنى قويۇپ كېتىڭ، لوڭقامنى...

تەلەيخان: (نىيازنى قوغلاۋېتىپ) ھوي كاززاپ توختا... ئايىغىنى ئال... پۇلۇمنى تۆلە...

تېۋىپ: (تەلەيخاننى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ) ھوي خوتۇن... توختاڭ. لوڭقامنى نەگە ئېلىپ قاچماقچى... ھە؟...

تەلەيخان: (ئالدىغا قاراپ ۋارقىرايدۇ) كاززاپ... ھوي كاززاپ...

تېۋىپ: (خاتا چۈشىنىپ) كاززاپ دېگەن ئۆزىڭىز، لوڭقىنى سىز ئېلىپ قاچسىڭىز مەن كاززاپمۇ تېخى... ئوغرى ئوغرىنى تۇت دېگەن شۇ بولدى - دە... ئەكېلىڭ لوڭقىنى. (تېۋىپ لوڭقىنى تارتىشى بىلەن «ۋاق» قىلىپ ئاۋاز چىقىدۇ - دە، لوڭقىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.)

تېۋىپ: (كەينىگە قاراپ) سىزدەك خوتۇنغا ئەمدى لوڭقا قويمايمەن. بويىنىڭىز دوناي بولۇپ قالسۇن ئىلاھىم... ئاغزىڭىز مايماق كەتسۇن ئىلاھىم...

تەلەيخان: (كەينىدىن ۋارقىراپ) ئەستاغپۇرۇللا... سىزنى دېمىدىم، كاززاپنى دەۋاتىمەن.

تېۋىپ: (كەينىگە قاراپ يەنە خاتا چۈشىنىپ) كاززاپ دېگەن ئۆزىڭىز... كاززاپ دېگەن ئاغزىڭىز مايماق بولۇپ كەتسۇن ئىلاھىم!...

[تېۋىپ تاماشىبىنلار ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. تەلەيخان كەينىگە بۇرۇلغىچە نىياز بىر ئايلىنىپ سەھنىگە چىقىپ پەردە كەينىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تەلەيخان قوغلاپ پەردە كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ.]

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

[ئورنى: بازار. تەلەيخان سەلەيگە چالۋاقاپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. «ۋاي ئۆلەي، بۇ جاندىن تويدۇم، مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى!»

سەلەي: خوتۇن ئۇنداق دېمەڭلا، دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، دورا يەپ بېقىڭلا.

تەلەيخان: ياق، ماڭا دورىمۇ پايدا قىلمايدۇ، لوڭقىمۇ كار قىلمايدۇ. كاززاپنى تېپىپ زىيانىنى تۆلەتمىگىچە مېنىڭ كېسىلىم زادى ساقايمايدۇ... ۋاي دات!... ۋاي دات!...

[ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ. كازىم بىر ياش ساتىراشقا چاچ چۈشۈرتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ساقاللىرىغا ماغزاپ سۈركىلىپ يېرىمى ئېلىنىپ، يېرىمى قالغان چاغدا مەتقاسىم چاچ ئالدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ يان تەرەپتىكى ئەينەككە قاراپ

بۆرۆتلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ شولىسى كازىمنىڭ ئەينىكىگە چۈشىدۇ. كازىم ئەينەككە قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. لېكىن ئاغزىغىچە ماغزاپ بولۇپ ساقىلىنى ئالدۇرىۋاتقاچقا، پەقەت ئىشارەتلا قىلىپ گەپ قىلالمايدۇ، مەتقاسىم ھېچ ئىشنى سەزمەستىن ئۆز ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.]

ساتىراش: (كازىمغا) شۈك تۇرسىلا، كېسىلىپ كېتىدۇ بىكارا!

[كازىم بىردىنلا ساتىراشنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئەينەككە قاراپ «كازازاپ» دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ - دە، ئاغزىغا ماغزاپ كىرىپ كېتىدۇ. مەتقاسىم دەرھال قاچىدۇ. كازىم خالاتنى ئېلىۋەتمەي ئاغزىدىكى ماغزاپنى چالا ئېتىپلا دوپپىسىنى كىيىپ مەتقاسىمنى قوغلاپ كېتىدۇ. كازىمنىڭ كەينىدىن ياش ساتىراش «خالات... خالات!...» دەپ ۋارقىراپ كېلىپ خالاتنى سالدۇرىۋالىدۇ.

كازىم: (ئالدىغا قاراپ) كاززاپ!... كاززاپ!...

ساتىراش: كاززاپ دېگەن ئۆزۈڭ! خالاتنى سەن ئېلىپ قاچساڭ، يەنە تېخى مەن كاززاپ بولامدىمەن!

[كازىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ مەتقاسىمنى قوغلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ساتىراش قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كىرگەن شەھىدە بىلەن دىلشات بازاردا ئۇچرىشىپ قالىدۇ.]

شەھىدە: خۇشخەۋەر! مەن سىزگە ئۈچ چوڭ خۇشخەۋەر ئەكەلدىم، بىرىنچى، سىزنىڭ تىككەن ئاياغلىرىڭىز پۈتۈن شەھەر بويىچە ئالىي سۈپەتلىك تاۋار بولۇپ باھالىنىپتۇ.

دىلشات: (خۇشاللىنىپ) راستمۇ؟

شەھىدە: ئەلۋەتتە راست. ئىككىنچى، ئاڭلىسام ئىككى ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى سىز تىككەن ئاياغنىڭ سۈپىتىنى كۆرۈپ سىزگە توقسەن جۈپ سەھنە ئايىغى بۇيرۇتماقچى بوپتۇ.

دىلشات: بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

شەھىدە: سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقىدىن.

دىلشات: (ھاياجانلىنىپ) شەھىدە، ھالال مېھنەت ھامان يەردە قالمايدۇ. بىز بۇرۇنلا شۇنداق دېيىشكەن ئەمەسمۇ؟ ئاڭلىسام سىزنىڭ دوپپىلىرىڭىزنىمۇ ياپونىيە، تۈركىيە قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەتكە چىقىرىدىغان بوپتۇ. شۇنداقمۇ؟ (شەھىدە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.)

[ئىككىسى پەس ئاۋازدا «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن» دېگەن ناخشىنى ئىختىيارسىز ئېيتىدۇ ۋە يەنە شۇ ھامان توختىۋالىدۇ.]

شەھىدە: راست. ئىككىمىز ھالال مېھنىتىمىزگە تايانساقلا مەڭگۈ بەختلىك بولالايمىز. (دىلشاتقا) مانا قاراڭ. (ئەينەك جازىلىق تەقدىرنامىنى كۆرسىتىدۇ) بۇنى يۇقىرىدىن بۈگۈن تەقدىم قىلدى. (ئوقۇيدۇ) «دۆلەت بېجى تاپشۇرۇشتا نەمۇنىچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن تەقدىم».

[دىلشات بىلەن شەھەدە پاراڭلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. بازارنىڭ قايناق كەيپىياتى يەنە بىر مەھەل ئەۋجىگە كۆتىرۈلىدۇ. ئەلىيار بىلەن زەرىپە ئىككىسى ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كىرىپ كېلىدۇ.]

ئەلىيار: زەرىپە توختالڭ، كېپىمنى دەۋالاي. بىز بۇرۇن تويلىۋىقىمىزنى راستلا نەچچە قاتلاپ ئالماقچى ئىدۇق. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالىمىز باشقىچە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا...

زەرىپە: نېمىشقا ئەھۋالىڭلار باشقىچە بولۇپ قالدى؟

ئەلىيار: بىر كاززاپقا ئالدىنىپ كۆپ زىيان تارتتۇق. ئۇنى ھازىرغىچە تاپالمايۋاتىمىز.

زەرىپە: (ئاچچىقلاپ) ئۇنداق گەپنى قويۇڭ. بىزمۇ بىر كاززاپقا ئالدىنىپ ئۇنى تاپالماي يۈرۈۋاتىمىز. كاززاپقا ئۇچرىدىم دەپ تويلۇقنى قىسماقچىمۇ سىلەر؟

ئەلىيار: زەرىپە ئۇنداق دېمەڭ. بىز ھەر ئىككىمىز بىر نىكاھلىق بولۇپ ئاجراشقانلار بولغاندىكىن... ئۇنجى تويدىن بىر ئاز پەرقلەندۈرەيلى.

زەرىپە: مەن بىر نىكاھلىق بولسام نېمە بوپتۇ. ئۇن نىكاھلىق بولسامۇ مېنىڭ نامىم ئالتۇن قىز، شەھەدەنىڭ تويلۇقى قانداق بولسا مېنىڭمۇ شۇنداق بولسۇن. توي دېگەننى چىدىغانغا چىقارغان.

[زەرىپە ۋېلىسىپىتكە مىنىپ چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەلىيار بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئازدىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ. كازىم بىلەن نىياز پاراڭلىشىپ كىرىدۇ.]

نىياز: كازىم ئاكا، مېنى چاقىرتىپتىكەنلا.

كازىم: بۈگۈن بىر مۇھىم ئىشىمىز بار ئىدى. شۇڭا چاقىرتقانىدىم.

نىياز: نېمە ئىش ئىدى؟

كازىم: بۈگۈن ئوغلىمىز ئەلىيارنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويايلى دەپ قىز تەرەپكە چاي ئاپارماقچى بولۇۋاتىمىز. چايغا بىر تىرىك مال ئېلىپ بارماقچى. شۇڭا سېنى چاقىرتتىم. سېنىڭ مال تاللاشقا ئېپىڭ بار. (يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ نىيازغا سۇنۇپ) مانا بۇ پۇلغا چوڭراق پاقلاندىن بىرنى ئال، سېمىزنى تاللا!

نىياز: (پۇلنى ساناپ بېقىپ) كازىم ئاكا، بۇ پۇلغا چوڭ پاقلان تۇگۈل، كىچىك پاقلانمۇ كەلمەيدۇ.

كازىم: پاقلان كەلمىسە، ئوغلاقتىن بىرنى ئال. ئىشقىلىپ چايغا تىرىك مال ئاپارساقلا بولىدىغۇ.

نىياز: ماقۇل، (ماڭماقچى بولىدۇ.)

كازىم: توختا ئۇكا. بۈرناكۈن كېچە ساڭا بۇدۇشقاق يېپىشۇېلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. يېقىندا ساڭا بىركىم يېپىشۋالدىمۇ ـ قانداق؟

نىياز: بولدى سورىمايلا قويىلا، كۆرگەن چۈشلىرى تازا جايىدا ئىكەن. ئۆتكەن كۈنى راستلا بىر بۇدۇشقاق خوتۇن كەينىمگە كىرىۋېلىپ ئاران قۇتۇلدۇم دېسىلە.

كازىم: قۇتۇلغان بولساڭلا بوپتۇ. ھازىرقى كۈندە سەن خەقنى ئالدىمساڭ، خەق

سېنى ئالدايدۇ. مېنى ئالدىغان ھېلىقى كاززاپنىمۇ تېخىچە تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن.

نىياز: ئەمىسە مەن مال ئېلىشقا باراي.

كازىم: بولىدۇ. سەن مالنى ئېلىپ ئۇدۇللا تەلەيخان قۇدىمىزنىڭ ئۆيىگە بار. مەن ھازىر كۆرۈچ ئالغىلى بارىمەن. (ئىككىسى ئىككى تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ.)

[مەتقاسىم بىلەن تەلەيخان پاراڭلىشىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

مەتقاسىم: مېنى چاقىرتقانىكەنسىز.

تەلەيخان: ھە، بۈگۈن قىزىمغا چاي ئەكەلمەكچى ئىدى، كېلىدىغان مېھمان ئاز ئەمەس. ئوتۇن بازىرىدىن بىر ئۇلاغ ئۆرۈك ئوتۇنى ئەكىلىپ بەرگىن.

مەتقاسىم: ماقۇل خان ئاچا. (ماڭماقچى بولىدۇ.)

تەلەيخان: توختا ئۇكام، سېنى ئىت قوغلاپ چۈشەپ قاپتىمەن. بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟

مەتقاسىم: راست دەيلا خان ئاچا. بىر ئىت مىجەز ئوغرى كەينىمگە كىرىۋېلىپ ئاران قۇتۇلدۇم.

تەلەيخان: سەنمۇ چېچەن يىگىت، قويرۇقۇڭنى تۇتقۇزمايسەن، ئوقەتچىلىكتە ئادەم ئالداشنى ئۆگىنىپ قويمىساق باشقىلارغا ئالدىنىپ كېتىدىكەنمىز ئەمەسمۇ. مېنى ئالدىغان ھېلىقى كاززاپنى تۇتۇۋالسام قۇلاق - مۇلاقلىرىنى چاينىۋېتەتتىم. لېكىن ئۇمۇ قويرۇقىنى تۇتقۇزمىدى.

مەتقاسىم: ئەمىسە مەن ماڭاي.

تەلەيخان: ئوتۇننى ئېلىپ چاققانراق يېتىپ كەل، بۈگۈن قارىشىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

مەتقاسىم: ئەلۋەتتە قارىشىپ بېرىمەن.

[ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ.]

(پەردە چۈشىدۇ.)

## يەتتىنچى كۆرۈنۈش

[ئورنى: تەلەيخاننىڭ ھويلىسى. سەلەي، دىلشات، شەمىدە، تەلەيخان قاتارلىقلار مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلماقتا. شەمىدە ۋە بىر نەچچە ئايال سەۋزە توغرىماقتا. سەلەي ئوچاققا ئوت قالىماقتا. كازىم بىر چەتتە كۆرۈچنى داسقا تۆكمەكتە.]

تەلەيخان: (تام سائىتىگە قاراپ قويۇپ) ۋاي ئاللا، كازىم ئاخۇن. خېلى بىر ۋاق بولۇپ قالدى، قوي تېخىچە يېتىپ كەلمەيدىغۇ؟

كازىم: قوي ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتتىم، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ. بەلكىم مال بازىرىدىن قوينىڭ كاتتىسىنى تاللايمەن دەپ ھايال بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

تەلەيخان: ئۇنداق بولسا بوپتۇ. ئەلۋەتتە كاتتا قوي ئېلىش كېرەك. بۈگۈنكى مېھمانلىرىمىزمۇ كاتتا ئادەملەر - دە.

كازىم: شۇنداق، بۇ تويىنى چوڭ ھەم كاتتا قىلىمىز دەپ كەينىگە سۈردۈق ئەمەسمۇ؟

تەلەيخان: ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. (ئاياللارغا قاراپ) سىلەر سەۋزىلەرنى چاققانراق توغراڭلار. قازانغا ئۈلگۈرمىسە بولمايدۇ. مەن ئۆگرىنى كېسىۋېتىپ چىقاي.
(تەلەيخان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

[ئايزىمخان بىلەن نىياز بىر ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ئوغلاقنى يېتىلەپ كىرىدۇ. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھەيران قالىدۇ، بەزىلەر مىيىقىدا كۈلۈشىدۇ.
جا ئوغلاقنىڭ بېشى يان پەردىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.]

كازىم: (نىيازغا) ئۇكا، بۇ جانىۋارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سويۇپ بەر. پىچىقىڭنى تېز بىلە!

[كازىم ئوغلاقنىڭ ئاغامچىسىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. نىياز بىر بۇلۇڭدا پىچاق بىلەشكە باشلايدۇ. ئوغلاق جېنىنىڭ بېرىچە مەرەشكە باشلايدۇ. ئوغلاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تەلەيخان دەرھال ئۆيدىن چىقىدۇ ۋە ئوغلاقنى كۆرۈپ ئەلپازى بۇزۇلىدۇ.]

تەلەيخان: ۋاي كازىماخۇن، كىمىڭىزنى مازاق قىلىۋاتىسىز؟ سىز ئالغان كاتتا مال مۇشۇ قوتۇر ئوغلاقمىدى. كۆتۈرۈڭ بۇنداق نېمىڭىزنى! ... كۆزۈم كۆرمىسۇن!

كازىم: خاپا بولماڭ تەلەيخان. سودا قىلىشنى بىلمەيدىغان ياش بالىنى ئەۋەتىپ قويۇپتىمەن.

نىياز: (ئاچچىقى كېلىپ بۇلۇڭدىن يۈگۈرۈپ كېلىدۇ) كىم سودا قىلىشنى بىلمەيدىكەن. بەرگەن پۇلىڭىز شۇنچىلىك تۇرسا ...

[تەلەيخان نىيازنى كۆرۈپلا ئالاقزادە بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. نىيازمۇ تەلەيخاننى كۆرۈپلا قاچىدىغانغا جاي تاپالماي ئەتراپقا قاراپ گاڭگىراپ قالىدۇ.]

تەلەيخان: (بىردىنلا ۋارقىرىۋېتىدۇ) كاززاپ! ... كاززاپ! ... دەرۋازىنى چىڭ ئېتىڭلار. كاززاپنى تۇتىمىز ...

[تەلەيخان ئۆزى يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى تاقايدۇ. كازىممۇ گاڭگىراپ قالغىنىدىن ئوغلاقنىڭ ئاغامچىسى قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئوغلاق سىرتتا جېنىنىڭ بېرىچە قاتتىق مەرەيدۇ. ئوغلاقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەلەيخاننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ۋە كازىمنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ پۈتۈن سەھنىنى بىر ئالىدۇ.]

كازىم: (سەھنە سىرتىغا قاراپ ۋارقىراپ) ئوغلاقنى تۇتۇڭلار ... ئوغلاق قاچمىسۇن ... ئوغلاق تامغا چىقتى!

تەلەيخان: كاززاپنى تۇتۇڭلار! كاززاپ قاچمىسۇن!

كازىم: ئوغلاق چەللىگە چىقتى، ئوغلاقنى تۇتۇڭلار. ماڭا زىيان بولمىسۇن!

[تەلەيخان دەرۋازىنى ئېتىپ بولۇپ، يۈگۈرۈپ نىيازنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ.]

تەلەيخان: ھە ... سەن كاززاپنى ئەمدى تۇتتۇممۇ؟ گەپ قىل، ھوي كاززاپ!

نىياز: ھۆرمەتلىك ئاچا، مېنى قويۇۋەتسىلە. مەن كاززاپ ئەمەس.

تەلەيخان: نېمە؟ ... كاززاپ ئەمەس. مەن سېنى تونۇيمەن. مېنىڭ كۆزۈم قارغۇ ئەمەس.

نىياز: مەن راستىلا كاززاپ ئەمەس، ئەپۇ قىلسىلا ...

تەلەيخان: قارا يۈزلۈك قىلما ... ماڭا يالغان ئۆتۈكلەرنى ساتقان ئالدامچى كاززاپ سەن ئەمەسمۇ؟

نىياز: سىزگە ئۆتۈك ساتقىنىم راست. لېكىن ... لېكىن مەن كاززاپ ئەمەس، مالنىڭ ئىگىسى مەن ئەمەس.

تەلەيخان: ئىگىسى كىم؟ گەپ قىل! بولمىسا ھازىرلا سولىتىپ قويىمەن.

نىياز: ئىگىسى ... ئىگىسى ... (كۆز قىرىدا كازىمغا قارايدۇ. كازىم «دېمىگىن» دېگەندەك قىلىپ كۆز ئىشارىسى قىلىدۇ.)

تەلەيخان: گەپ قىل دەيمەن! بولمىسا ... (ياقىسىدىن سۆرەپ) سېنى بارىدىغان يېرىڭگە ئاپىرىمەن!

نىياز: بولدى، بولدى. مەن ھازىرلا دەي ... مەن دەي. راستىنى ئېيتسام مالنىڭ ئىگىسى كازىم ئاكام ئۆزى. مەن مال سېتىپ بېرىپ جېنىمنى باقىدىغان ئادەم.

كازىم: (كۆزلىرى چەكچىيىپ) نېمە دەۋاتىسەن؟ يالغان سۆزلىمە!

نىياز: كازىم ئاكا، سىزمۇ راست گەپ قىلىڭ. سىز ساتقىلى بەرگەن ئۆتۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئايال ئالغان.

[كازىم نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزى كالۋالىشىپ قالىدۇ.]

تەلەيخان: نېمە؟ قارىغاندا راست سىز ئىكەنسىز - دە؟ ۋاي قانداق قىلاي. بىر كاززاپ بىلەن قۇدا - باجا بولۇشۇپتىمەن - دە. بۇ رەسۋاچىلىقنى قانداق قىلاي ... بولدى، ئوغلىڭىزغا بېرىدىغان قىزىم يوق. پۇلۇمنى تۆلەڭ. بولمىسا يۈرۈڭ ...

كازىم: (قورقۇپ) مەن تۆلەي ... جەزمەن تۆلەي. لېكىن مېنى ئاشكارىلاپ قويماڭ، خۇدا ھەققى ... ھۆرمەتلىك تەلەيخان قۇدام ...



تەلەيخان: ياق، ئۇنداق گەپ يوق. پۇلنى ھازىرلا تۆلەپ بەرمىسىڭىز پۈتۈن شەھەرگە سازايى قىلىمەن.

كازىم: ئۇنداق دېمەڭ قۇدام ... ھۆرمەتلىك قۇدام. مەنمۇ بىر كاززاپقا يولۇقۇپ قېلىپ ئۇنى تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن. تاپسام دەرھال تۆلىۋېتىمەن.

تەلەيخان: سىزنى ئالدىغان كاززاپ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. پۇلنى تۆلەڭ، ھازىرلا تۆلەڭ! (سۇپا ئۈستىدە ئەدىيالغا ئوراقلىق يالغان ئۆتۈككىلەرنى ئوتتۇرىغا يايىدۇ) بۇ يالغان ئۆتۈككىلەرنى ئېلىپ كېتەمسىز - يوق؟ تۆلەمسىز - يوق؟ گەپ قىلىڭ!
[تەلەيخان كازىمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىرسى تېشىدىن دەرۋازىنى قاقىدۇ. سەلەي دەرھال ئاچىدۇ - دە، مەتقاسىم يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.]

مەتقاسىم: ئوتتۇن كەلدى، ناھايىتى ئېسىل ئۆرۈك ئوتتۇنى. ياغدەك كۆيىدۇ.

كازىم: (ئۇنى كۆرۈپ بىردىنلا ۋارقىرىۋېتىدۇ) كاززاپ! ... كاززاپنى تۇتۇڭلار! ... دەرۋازىنى ئېتىڭلار! ... (كازىم دەرھال ئۆزى كېلىپ دەرۋازىنى ئېتىۋالىدۇ) ھە ... سەن كاززاپنى ئەمدى تۇتتۇممۇ؟ ...

مەتقاسىم: (قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ كەينىگە داجىيدۇ) ھۆرمەتلىك ئاكا ... مەن كاززاپ ئەمەس ... مەن ئەمەس ...

كازىم: ماڭا تەخەي تۈكى گىلەمنى ساتقان كاززاپ سەن بولماي كىم؟ ماڭا چېپتا گىلەم ساتقان كاززاپ سەن بولماي كىم؟

مەتقاسىم: گىلەمنى مەن ساتقان. لېكىن مال مېنىڭ ئەمەس.

كازىم: مال كىمنىڭ؟ كىمنىڭ؟ گەپ قىل! بولمىسا ھازىرلا قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن!
[مەتقاسىم تەلەيخانغا قاراپ قېتىپ قالىدۇ. تەلەيخان ئۇنى دېمەسكە ئىشارەت قىلىدۇ.]

كازىم: (مەتقاسىمنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ سۆرەيدۇ) دەمسەن، دېمەمسەن؟ بولمىسا ياغ چۇچۇۋاتقان قازانغا باسىمەن.

مەتقاسىم: ۋاي دەي ... ھازىرلا دەي، مال تەلەيخان ئاچامنىڭ ...

كازىم: (تەلەيخانغا دىۋەيلەپ كېلىدۇ) ھە ... تەلەيخان قۇدام. سىزنىڭ ماڭا سالغان كۆلپەتلىرىڭىز ئازمۇ؟ مەنمۇ سىز بىلەن قۇدا بولمايمەن. پۇلۇمنى تۆلەڭ! تۆلەڭ!
[ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قېتىپ قالىدۇ.]

دىلشات: (يانبايان) ھازىر كىم - كىمگە قەرزدار؟ كىم - كىمگە پۇل تۆلىشى كېرەك؟ كىم - كىمنى ئالدىدى؟

سەلەي: (يانبايان) كىشىنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدايدۇ، دېگەن شۇدە.

ئايزىمخان: ۋاي ئاللا قانداق قىلىمىز، بۇ رەسۋاچىلىقنى! توي بۇزۇلىدىغان بولدى! تۈگىشىدىغان بولدۇق! راستىنى ئېيتسام كازىم ئاخۇننىڭ تويغا چىقارغۇدەك پۇلىمۇ يوق.

سەلەي: قارىغاندا ئىككى قۇدا - باجا بىر - بىرىڭلارنى ئالداپ ھەممە پۇلنى يوقىتىپسىلەر - دە.

دىلشات: پۇل يوق بولسا كېرەك يوق، ئەگەر زەرىپە بىلەن ئىليارنىڭ مۇناسىۋىتى پۇل ئۈستىگە ئەمەس، ھەقىقى مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا بۇ تويىنىڭ ھەممە چىقىمىنى مانا مەن كۆتۈرىمەن.

ئايزىمخان: (ھەيران قېلىپ) راستمۇ؟

[تەلەيخان بىلەن كازىم كاڭگىراپ قالىدۇ.]

دىلشات: راست. ئەگەر بۇلارنىڭ چىن كۆڭلىدىن توي قىلىش نىيىتى بولسا بانكىدا قويغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ تويغا ئاتايمەن. (پۇلنىڭ چېكىنى چىقىرىدۇ.)

شەھىدە: شۇنداقلا بولسا مەنمۇ بانكىدا توپلىغان پۇلنى تويغا ئاتايمەن.

[ھەممەيلەن پۇل چېكىگە قارايدۇ.]

تەلەيخان: (يىغلامسىراپ) شۇنچىلا كۆپ پۇلنى قانداق ئاپتىڭلار؟

شەھىدە / دىلشات: (بىرلىكتە) ھالال ئەمگەكتىن.

[تەلەيخان بىلەن كازىمنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلىپ قالىدۇ. باشقىلارمۇ ھەيران قالىدۇ. سەھنە سىرتىدىن «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن» دېگەن ناخشا ياڭرايدۇ.]

سەلەي: «ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ» دېگەن شۇ بولدى ـ دە.

[ئۇشتۇمتۇت زەرىپە بىلەن ئەلىيار پەيدا بولۇپ سوقۇشۇپ كېتىدۇ.]

زەرىپە: سىلەرنىڭ پەسلىكىڭلارنى ئۇققان بولساق، بۇرۇنلا يېقىن كەلمەس ئىكەنمىز.

ئەلىيار: سىلەرنىڭ كاززاپلىقىڭلارنى ئۇققان بولساق، بىزمۇ يولۇقماس ئىكەنمىز.

زەرىپە: كاززاپ دېگەن سىلەر، ئۇچىغا چىققان ئالدامچى كاززاپ ...

ئەلىيار: سىلەر ... سىلەر كاززاپ ... سىلەر ئالدامچى ...

زەرىپە: قايسى كاززاپ سىلەردەك پەسلىك قىلىپ، بېشىنى چەم قىلىپ ئۆتۈك ياسايدۇ؟

ئەلىيار: قايسى كاززاپ سىلەردەك تۆلگەن تەخەي تۆكىدىن گىلەم توقۇپ ساتىدۇ؟ قايسى گىلەمچى سىلەردەك چېكە تاغارنىڭ يىپى بىلەن چىپتا گىلەم توقۇيدۇ؟

زەرىپە: تولا كاپشىماڭ. ئەمدى سىزگە تېگىدىغان ئادەم يوق. سىز بىلەن توي قىلمايمەن، قىلمايمەن، قىلمايمەن ...

ئەلىيار: مەنمۇ سىزنى ئالمايمەن، توي قىلمايمەن، توي قىلمايمەن ...

[كازىم بىلەن تەلەيخان دەسلەپتە پەس ئاۋازدا سوقۇشۇپ، كېيىن بىراقلا ئۈنلۈك ۋارقىرىشىدۇ.]

كازىم: ئۇنداق گەپنىڭ كۆتۈرۈڭ. بىلىپ قويۇڭكى، سىز مېنى ئەمدى ئالدىيالمايسىز.

تەلەيخان: بىلىپ قويۇڭكى، سىزمۇ مېنى ئالدىيالمايسىز.

كازىم: ئەگەر سىز چىپتا گىلەمنى قايتۇرۇۋېلىپ پۇلۇمنى تۆلىمەيدىكەنسىز، قىزىمنى ئوغلىڭىزغا بەرمەيمەن.

تەلەيخان: سىزمۇ يالغان ئۆتۈكلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ پۇلۇمنى تۆلىمەيدىكەنسىز، مەنمۇ قىزىمنى بەرمەيمەن.

كازىم: مېنىڭ ئوغلۇم ئۇنداق قىزىڭىزنى ئالمايدۇ.

تەلەيخان: مېنىڭ ئوغلۇممۇ ئۇنداق قىزىڭىزنى ئالمايدۇ.

كازىم: بولدى، بىز ھازىردىن باشلاپ ئۈزۈلدۇق، مېنىڭ سىزدەك قۇدام يوق.

تەلەيخان: مېنىڭمۇ سىزدەك قۇدام يوق. چىقىڭ ھويلامدىن.

[بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كازىم ئۆز ھويلىسىغا قايتىپ كىرىدۇ. باشقىلارمۇ بىر - بىر-
لەپ چىقىپ كېتىدۇ. كازىم گىلەملەرنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تەلەيخاننىڭ ھويلى-
سىغا بىر - بىرلەپ تاشلايدۇ.]

كازىم: كۆتۈرۈڭ بۇنداق گىلەملىرىڭىزنى. ئىككى كۈن ئىچىدە پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەيدى-
كەنسىز، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىز.

[تەلەيخانمۇ ئاياغلارنى تامدىن ئايلاندۇرۇپ كازىمنىڭ ھويلىسىغا تاشلايدۇ.]

تەلەيخان: كۆتۈرۈڭ بۇنداق ئاياغلىرىڭىزنى. ئىككى كۈن ئىچىدە پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدىغان
بولسىڭىز، مەندىن قۇتۇلالمايسىز.

[كازىم تامنىڭ بۇ تەرىپىدە ۋارقىرايدۇ.]

كازىم: سىز ئاۋۋال تۆلەڭ، ئاندىن مەن تۆلەيمەن.

تەلەيخان: سىز ئاۋۋال تۆلەڭ! (تامنى تېپىدۇ.)

كازىم: سىز تۆلەڭ! (تامنى تېپىدۇ.)

تەلەيخان: سىز تۆلەڭ! سىزدەك كاززاپقا ئەمدى بوزەك بولمايمەن!

كازىم: كاززاپ دېگەن ئۆزىڭىز! كاززاپ! كاززاپ! ...

تەلەيخان: كاززاپ! كاززاپ!

[ئىككىسى تامنى قاتتىق بىر تېپىدۇ - دە، پۇتلىرى قايرىلىپ كېتىپ، ھەر ئىك-
كىسى ئوگدىسىغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ «ۋايجان!» دەپ قىچقىرىشىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ
سىرتتىن ئىككى قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى بېرىلىدۇ.]

تەلەيخان: (پۇتىنى تۇتۇپ تاماشىبىنلارغا قاراپ يىغلايدۇ) ۋاي پۇتۇم!!! ... ھارامخورلۇق
قىلغاننىڭ سازايىسى!

كازىم: ۋاي پاچىقىم !!! ... جازانىخورلۇق قىلغاننىڭ سازايىسى!

تەلەيخان: (ئۆزىنى كاچاتلاپ) تەخەي تۈكىدە گىلەم توقۇغاننىڭ سازايىسى!

كازىم: (ئۆزىنى كاچاتلاپ) كاردون قەغەزدە چەم ياسىغاننىڭ سازايىسى!

تەلەيخان: (ئۆزىنى كاچاتلاپ) موزاي تۈكىنى يۇگداپ گىلەم توقىغاننىڭ سازايىسى!

كازىم: (ئۆزىنى كاچاتلاپ) مۈشۈك تېرىسىنى ئاشلاپ ئاياغ تىككەننىڭ سازايىسى!

[ھەر ئىككىسى تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىردىنلا دوناي ياغاچنى ھاسا
قىلىپ ئاقساقلىغان ھالدا سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ.]

تەلەيخان، كازىم: (شەرمەندە قىياپەتتە جار سېلىپ) خالايىق! كۆردۈڭلارمۇ؟! ئەگرى پاچاقتا دوناي
توقماق دېگەن مانا مۇشۇ! (چىراغ ئۆچىدۇ.)

[چىراغ يەنە ئاستا - ئاستا يورۇيدۇ. سوۋېت چىرىغى ئارقىلىق سەھنىدە بوستان-
لىق نامايەن بولىدۇ. بۇ پەردە دىلشات بىلەن شەمسەدىنىڭ تويى بولماقتا. قىز -
يىگىتلەر خۇشال - خۇراملىقتا چۈمگەن ھالدا ئۇسسۇل ئويىنىشىپ ئىككى ياشنىڭ بەخت-
لىك تويىنى قىزغىن تەبرىكلەشمەكتە. سەلەي بىلەن تەلەيخان، كازىم بىلەن ئاي-
زىمخان ئايرىم ئولتۇرۇپ تويىنى كۆزەتمەكتە. ئۇلار كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ
مەيۈس ھالدا تويىنى كۆرمەكتە. ئۇسسۇل، مەشرەپ بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە.]

(پەردە چۈشىدۇ.)

ئەقىل بولسا ئېسىل بولۇر بولسا ئەر،
بىلىم بولسا، بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر.
ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش.
ئەقىللىق ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ،
بىلىملىك ئەقىللىق كىشىلەر تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ» دىن




# شىنجاڭ ياش



ئاسمانغا نەزەر سال يۇلتۇز بىساناق
ئۇ سوقۇشماي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق
جاھان كەڭرى دوستۇم يېتەر ھەممىگە
ئادەمگە يارىشامسۇ كەڭلىك تالاشماق

— ئا. ئۆتكۈر

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسىرى
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق
سەتلىشىدىكەن غادايغانسىرى

— ت. ئېلىيوپ



# ئالتۇن ماكاندا، ئالتۇن ناخشا

تۇرسۇن قۇربان

## 1

ئېھ، تەڭرىتاغ، خاسىيەتلىك بۈيۈك تاغ،
سەن ئۇلۇغۋار ئەجدادلىرىم ماكانى.
سېنىڭ ناخشاڭ — پارلاق تارىخ، شەجەرە،
سېنىڭ ناخشاڭ — قەدىم ئەلنىڭ داستانى.

مەن سۆيىمەن (سۇرتۈپ ھامان كۆزۈمنى)
تۇپرىقىڭنى، تۇپرىقىڭكى تۇتىيا.
ھەر تېشىڭ ھەم مىسلى گۆھەر مەن ئۈچۈن،
مىۋىڭمىيا ھەر ياپرىقىڭ - ھەر گىيا.

مەن سۆيىمەن سۆجۈپ، ئاماننىسا، تاشۋاي—
مىراسلىرى — يېقىملىق كۈي - ناخشىنى.
ئەشۇ ناخشا ياڭراپ تۇرار باغرىڭدا،
تۈزدە،
يولدا،
تويدا،
سەھەر - ئاخشىمى.

مېنى شۇنچە مەپتۇن قىلار ئۆزدىـە
ئەشۇ ناخشا - مۇقام، سەنەم، غەزەللەر
ئورۇن ئالغان يۈرىكىمنىڭ تۆرىدىن،
شۇ ناخشىنى ئېيتقان بۇلبۇل — گۈزەللەر.

ئالتۇن يۇرتۇم — يېزا، شەھرى ئالتۇندەك،
باھار ئوخشاش ئىللىق ماڭا ھەر يېرى،
مەيلى ئىلى،
قۇمۇل، خوتەن،
ئۈرۈمچى
مەن ئۈچۈنكى باغۇ - ئىرەم جاي بەرى.

قايسى يۇرتقا بارسام، ئۇ يۇرت ناخشىسى،
قىلىشۇالار مېنى ئۆزگە مەھلىيا.
چۈنكى، يۇرتۇم قەدىم سەنئەت ئوچىقى،
ناخشا - ئۇسسۇل مەۋج ئۇرغان بىر دۇنيا.

ئۆزگىچە ھەر يۇرتنىڭ ئىقلىم - ھاۋاسى،
ھەم ئۆزگىچە خۇش ناۋاسى — ئاۋازى،
لېكىن جىمى ناخشىدا كۈي نۇرىدەك
پارلاپ بىردەك باتۇر مىللەت ئوبرازى.

شۇڭا دەيمەن: يۇرتۇم — ئالتۇن ماكاندا،
ئالتۇن ناخشا — رەڭدار، خۇشبۇي گۈل-غۇنچە.
خەلقىم — بۇلبۇل،
ھەر بىر ناخشا ئۈنىڭكى
بالى تىلىدىن تامغان قىممەت زەر-ئۈنچە.

## 2

مەن تۇرسەمەن ئىلى دەريا — بويىدا،
ئاڭلاپ باتۇر سادىر بوۋام كۈيىنى.
يانا ئاڭلاپ تۇرماقتىمەن كۆلەمغان،
شازادىغان ھەم ئىلاخۇن ئۈنىنى.

مانا، تولۇق چولغىۋالغان كۆڭلۈمنى
كەڭ ئالمىزار باغدىن كەلگەن ناخشىلار.
تومۇرۇمدا ئەشۇ ناخشا ئىلھامى
خۇددى ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلار.

ئىھ، نىمانچە گۈزەل ئىلى ۋادىسى،
ئاي نۇرىدا يالتىرار تۈن - كىچىلەر.
ھەر كىچىسى شۇنچە جۇشقۇن،
شوخ يەڭگەت
ناخشا توۋلاپ يۈرگەن بوستان كوچىلار.

ئەشۇ ناخشا — قايناق خۇددى يالقۇندەك،
ئەشۇ ناخشا — ياڭراق خۇددى شاۋقۇندەك.
ئەشۇ ناخشا ئۇچقۇن بولۇپ ئۇتاشقاچ
يانار دىلدا ئىلى ئىشقى يالقۇندەك.

ھەر ئاڭلىسام شۇ ناخشىنى زوق بىلەن،
ھىس قىلىمەن بۇلبۇل سايراپ تۇرغاندەك.
ئىلىنىمەن چەكسىز شاتلىق ئىلكىگە،
جانان كۈلۈپ بىر دەستە گۈل تۇتقاندەك.

شۇڭا دەيمەن: ئىپتىخارلىق ئىچرە مەن:
«ئىھ، ئىلىغو، ساپ ھاۋاسى ئۆزگىچە.
سەنئىتىمىز گۈلزارىدا بۇ يۇرتنىڭ
ناخشا - سازى — خۇش ناۋاسى ئۆزگىچە.»

## 3

بورتالا — ئانا يۇرتۇم، گۈل ماكان،
سايرام كۆلى — زۇمرەتتەك كۆك كۆلۈڭ.
ئەشۇ كۆلدەك دولقۇن ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
ناخشىلىرىڭ — ئارامبەخش شوخ كۈيۈڭ.

بارغىنىمدا ياڭرىتىپ شۇ ناخشاڭنى،
ئەپسانىدەك ساماۋى كۆل — سايرامغا.
«بورتالا — ئانا يۇرتۇم، كەڭ دىيار»
دىدىم قەلبىم تولۇپ ئوتلۇق ئىلھامغا.

دىدىم يانا: ناخشا - سازىڭ ئۆز شۇنچە،
شۇنچە رەڭدار، زەپ چىرايلىق زەر - ئۈنچە.
ھەر بىر ناخشا سەنئىتىمىز بېغىدا،
بىر ئۆزگىچە پۇرىقى بار گۈل - غۇنچە.

## 4

ئىھ، قارامايى، نېفىت شەھرى قارامايى،
قانداق چىداي ساڭا كۈلۈپ قارىماي.
سەن جاھاندا شۆھرەت تاپقان ماكانسەن،
قانداق تۇراي سېنى راسا ماختىماي.

كۆرگىنىمدە قۇدۇقلاردىن ئېتىلىپ،
دەريا بولۇپ ئۆركەشلىگەن نېفىتنى.
دەيمەن: يۇرتۇم، تەلەيلىك - ھەمىشە،
نېفىت بىلەن قۇچماقتا زور بەختنى.

قارامايىم، مۇھەببىتىڭ - ئىلھامىڭ،
يۈرەكلەردە ئۈچمەيدىغان چوغ شۇنچە.
ناخشىلىرىڭ — نېفىتچىلار ئاۋازى،
بورۋايلارنىڭ ساداسىدەك شوخ شۇنچە.

شۇڭا دەيمەن: شەرىپىڭمۇ ئۆزگىچە
يۇرتۇم ئارا تەرىپىڭمۇ ئۆزگىچە.
ناخشا - كۈيۈڭ — سەنئىتىمىز بېغىدا،
بىپىيىگىچە پۇرىقى بار گۈل - غۇنچە.

## 5

تۇرماقتىمەن گۈل - چېچەككە پۈركۈنۈپ
يۇلتۇزلاردەك جۇلالانغان باغداشتا.
شۇ تاپ كۆزگە تاشلىنىدۇ جاڭنەندەك،
قوڭغۇزارلىق، ياڭاقزارلىق كەڭ ۋادا.

شۇۋادىدىن كېلىدۇ ساز - ناخشىلار،
جاراڭلىتىپ بۈيۈك ئەزىم تاغلارنى.
ئەشۇ ناخشا تۇرار دائىم ئەسلىتىپ،
شەربەت - شېكەر بولدۇقلىغان باغلارنى.

ئەشۇ ناخشا ئېپ كېلىدۇ دىماققا،
مەشھۇر قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تەمىنى.
ئەشۇ ناخشا ئېپ كېتىدۇ يىراققا،
بۇ قەدىمى يۇرتنىڭ دوستلۇق مېھرىنى.

ئەشۇ ناخشا — باتۇر قۇمۇل ناخشىسى،
ئىسيانكارلار سىمفونىيە كۈيلىرى.
شۇ ناخشىنىڭ ئەۋجى بىلەن جۇشقۇنلاپ
تۇرار ئەبەد گۈزەل باغداش بويلىرى.

شۇ ناخشىنى ئاق پاشادەك① بۇلبۇللار،
ئېيتىپ كەلگەن،
تەقدىم قىلغان دەۋرىمگە.
ھەر ئاڭلىسام شۇ ناخشىنى،
قۇمۇلنىڭ
پاك سۆيگۈسى چىلىڭ ئورنىشار قەلبىمگە.

شۇڭا دەيمەن: ئېھ، قۇمۇلنىڭ ناخشىسى،
ناخشا ئارا يىگانە سەن — ئۆزگىچە.
بۇ بىپايان رەڭدار سەنئەت بېغىدا،
ئۆزگىچە خۇشپۇرىقى بار گۈل - غۇنچە.

## 6

تۇرماقتىمەن ئاقباش بوغدا ئۈستىدە،
تاشلاپ نەزەر ئۈزۈمزار كەڭ ماكانغا.
بۇ ماكانكى بىر كارامەت ئويمانلىق،
تەرىپلىرى تاراپ كەتكەن جاھانغا.

بۇ ماكانكى، دىقيانۇس، ئىدىقۇت.
سەلتەنەتلىك دەۋر سۈرۈپ ئۆتكەن يەر
مىڭ - مىڭ تاغۇ - دەريا ئېشىپ سەنئىتى
ئالەمنىڭ ئەڭ چەتلىرىگە يەتكەن يەر.

شۇ قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتى — تۇرپاندىن،
كېلەر ناخشا زوقلاندۇرۇپ كۆڭلۈمنى.
ئېھ، نېمانچە، يېقىملىق - ھە «نازىركوم»
ھاياجاندا تۇتالمىدىم ئۆزۈمنى.

ئەشۇ ناخشا ئەسلىتىدۇ بۇ يۇرتنىڭ
كۆپ ئەسىرلىك سەرگۈزەشتى — تارىخىنى،
ئەشۇ ناخشا ئەسلىتىدۇ،
ئىككى مىڭ —
يىل مۇقەددەم ئاققان تۇنجى كارىزنى.

ھەر ئاڭلىسام گەۋدىلىنەر ئالدىمدا،
كارىز سۈيى ياشناتقان يۇرت سۈرەتتەك.
گەۋدىلىنەر كەڭ پاختىزار، ئۈزۈمزار،
چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن جەننەتتەك.

دەيمەن تۇرپان: بىر ئاجايىپ گۈل ماكان،
مېۋىلىرى «ئابى - ھايات» باغ ماكان.
بۇ جاي قەدىم سەنئىتىمىز ئوچىقى،
ئەھلى ناخشا خۇمار — چىۋەر غەزەلخان.

كارىز سۈيى جانغا ھوزۇر بەرگەندەك،
ناخشا - سازى يېقىپ كېتەر كۆڭلۈمگە.
ئۈزۈملىرى تەنگە قۇۋۋەت قىلغاندەك،
ناخشا - سازى شادلىق قوشار ئۆمرۈمگە.

شۇڭا دەيمەن: بۇ ئۈزۈمزار ئۆزگىچە،
تاغلىرىدىن تاكى دالا، تۈزگىچە.
ناخشا - سازى سەنئىتىمىز بېغىدا،
ئوتقاش كەبى چاقناپ تۇرغان گۈل - غۇنچە.

## 7

مەلىكە تاغ ئۈستىدە مەن،
خۇشلۇقتا
قىپ تاماشا زۇمرەتتەك باغراشنى،
ئەلۋەك دەريا ئاقار كۆلگە دولقۇنلاپ
بوستان ئەيلەپ قانچە قاقاس تاغ - تاشنى.

① ئاق پاشا — قۇمۇلدىكى خەلق سەنئەتكارى.

كۆرمەكتىمەن قارا شەھەر، كورلىنى،
باغراش بويى — نەشپۈتزارلىق ۋادىنى.
«تاھىر — زۆھرە» داستانىدىن بىلگەنمەن،
بۇ ۋادىنىڭ خاسىيەتلىك نامىنى.

كۆرمەكتىمەن خۇددى رەڭدار ئەتلەسكە،
ئوخشاپ كەتكەن ئوت - چۆپنى مول تاغلارنى.
كۆرمەكتىمەن تاھىر - زۆھرە يۇرتىدا،
تۇتاش كەتكەن نەشپۈتزارلىق باغلارنى.

ئاڭلىمار شۇ نەشپۈتزارلىق باغلاردىن،
ھەم چىمەنزار جىلغىلاردىن - سايلاردىن
چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن ساز - ناخشىلار،
ئاشىقلارنى قۇچاقلىغان تاغلاردىن.

ئەشۇ ناخشا تاھىر - زۆھرە يۇرتىنىڭ،
لىرىكىلىق سىمفونىيە ئاھاڭى.
شۇ ناخشىدىن تولۇن ئايدەك كۆرۈنەر،
يېڭى تاھىر - زۆھرەلەرنىڭ جامالى.

ئەشۇ ناخشا: باغراش سۈيىدەك سۈزۈك،
ئەشۇ ناخشا: كۆنچىدەك شوخ، سۈر ئەتلىك.
ئەشۇ ناخشا: ياڭراق، شۇنچە شاۋقۇنلۇق،
شۇ ناخشىدا بار مىسلىسىز گۈزەللىك.

شۇڭا دەيمەن پەخىرلىنىپ، جان دوستلار،
«ئۆزگىنچە يۇرت بوستان كورلا - قاراشەر،
تەنگە قۇۋۋەت تەملىك باغراش بېلىقى،
نەشپۈتلىرى بالۇ - ھەسەل شۇ قەدەر.»

قارا، بۇيەر بوپ كېتىپتۇ يېڭىچە،
ناخشىمۇ ئاڭا يارىشا يېڭىچە.
بۇ ناخشا ھەم سەنئىتىمىز بېغىدا،
بىر ئۆزگىچە خىسلەتلىك بار گۈل - غۇنچە.

8

يېتىپ كەلدىم يېڭى ناخشا ئاڭلاي دەپ،
كۇمىراجىۋا، سۇجۇپ يۇرتى — كۈسەنگە.
پەرھاد قازغان ئۆستەڭ سۈيى ياشناتقان،
شىرىن بېغى — تارىم بويى گۈلشەنگە.

ئەنە شۇنچە جاراڭلاپتۇ، پەلەككە —
كۆتۈرۈلۈپ بۇ قەدىم يۇرت نەغمىسى.
ۋىسالىغا يەتكەچ پەرھاد ۋە شىرىن،
قىزىپ كەتكەن خۇشال تۈينىڭ بەزمىسى.

مىڭ ئۆيلەرگە بەنت قىلىنغان پەرىلەر،
تىرىلىپتۇ،
چۈشۈپتۇ شوخ ئۇسسۇلغا.
قارا ئەنە، كۈسەن ئەھلى ئوخشاپتۇ،
بەس - بەس بىلەن سايراشقان كۆپ بۇلبۇلغا.

باشقىدىنلا جانلىنىپتۇ روھلىنىپ،
قەدىم ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى.
دېدىم شۇندا: يانا كۈسەن سەنئىتى،
مەشرۇق - مەغرۇپ سەنئىتىنىڭ كۆرىكى.

كۈسەن — ئالتۇن سەنئىتىمىز كۆلگەن يەر،
شۇڭا ئۇنىڭ ناخشا - كۈيى ئۆزگىچە.
بۇ ناخشا - كۈي سەنئىتىمىز بېغىدا،
سۈجۈپ قەلبى چاقناپ تۇرغان گۈل - غۇنچە.

9

تاشلىق ماكان — سۇلتان ساتۇق دەرگاھى،
ئەنجۈر كانى — تىلدا داستان مەرد ئاتۇش.
تا باللىق چاغلىرىمدىن سەن ماڭا،
يېقىملىق ساز - ناخشاڭ بىلەن بەكتونۇش.

بارچە ئۇيغۇر ئەھلى ئېتار زوق بىلەن،
شۇ ساداقەت - پاك مۇھەببەت كۈيىنى.
شۇنچە تېتىمك، شۇنچە نەپىس بۇ ناخشا،
قىزىتىدۇ ئۇ قىز - يىگىتلەر تويىنى.

ئەشۇ ناخشا — مەردانىلىق ناخشىسى
تەنتەنىلەر بەخش ئېتەر سورۇنغا.

بۇ ناخشىدىن پەخىرلىنىپ خەلقىمىز،
ئىگە قىلغان ئۇنى يۈكسەك ئورۇنغا.

دىلنى مەپتۇن ئەيلەيدىغان بۇ ناخشا
تېرى ئالتۇن، قولى گۈللەر ئاۋازى.
ئەشۇ ناخشا — كۆك گۈمبەزلەر ئىچىدە
ياتقان يۈزلەپ ئۇلۇقلارنىڭ ئوبرازى.

ھەر ئاڭلىسام شۇ ناخشىنى،
جان - تېنىم —
ھوزۇرلىنىپ راسا ياپراپ كېتىدۇ.
كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ خوما تاغ
ئۆسۈپ كۆڭلۈم،
بېشىم كۆككە يېتىدۇ.

ئىپتىخارلىق ھېس قىلىپ بۇ ناخشىدىن،
دەيمەن: «ئاتۇش ناخشىسىمۇ ئۆزگىچە.
بۇ ناخشا سەنئىتىمىز يېغىمىدا،
مەرۋايىتتەك يالتىرىغان گۈل - غۇنچە».

## 10

قەدىم قەشقەر — ئەپراسىياپ قوغىنى،
يۈسۈپ، مەھمۇت، نىزارىلار دەرگاھى.
ئۇ ھەم شەرق مەدەنىيەت بۆشۈكى،
شۇندا سەنئەت ئەھلىنىڭ چىن پاناھى.

قەشقەر دېگەن — سەنئەت ياشناپ تۇرارجاي،
ئەھلى سەنئەت خۇمارى — چىن - سەنئەتكار.
كىمكى كەشىپ ئەيلەمە ساز، ئېيتسا كۈي،
پۈتۈن قەشقەر ئاڭا قولداش - نىجاتكار.



شۇڭا قەشقەر دەرياسىنىڭ بويىدا،
بىر چاغ ياڭراپ كەتكەن تاشۋاي راۋابى.
ئەشۇ راۋاب پەدىسى — خۇش ناۋاسى،
بولۇپ كەلگەن كۆڭۈللەرنىڭ ئارامى.

تاشۋاي — ئۇلۇغ ئىنسان،
ئۇلۇغ سەنئەتكار،
ئۇنىڭ نامى — جىمى ئۇيغۇر غورۇرى.
ئۇنىڭ كۈيى — مۇزىكىغا بىر گۈلتاج،
تويۇ - مەشرەپ، بايرام - ھېيت ھوزۇرى.

بۈگۈن قەشقەر قۇچىتى سەنئەت باھارىنى،
شۇڭا كۈلگەن تاشۋاي روھى شادلىنىپ.
قارا، ئەنە، يۈزلەپ يېڭى تاشۋايلار،
كەتكەن سەنئەت گۈلزارىدا جانلىنىپ.

ھاياجاندا دەيمەن ماختاپ قەشقەرنى:
«بۇ دىيار بەك ناخشا - سازدا ئۆزگىچە.
بۇ ناخشا ھەم سەنئىتىمىز بېغىدا،
رەڭگى ئۆچمەس، خۇشپۇراقلىق گۈل -غۇنچە».

## 11

يەركەندىمۇ كېلىمدۇ كۆز ئالدىمغا،
ئۇستا رەسسام رەسىمىدەك ئۆز مەنزىرە.
مېۋىزارلىق باغلىرى كۆپ بۇ ماكان،
خۇددى جەننەت - پىرداۋىسقا ئەندىزە.

بۇ دىياركى ئۇلۇغلار كۆپ ئۆتكەن جاي،
ئامانىسا، قىدىرخاننى تۇغقان جاي.
ئىگە شانلىق شەجەرىگە بۇ دىيار،
قويىنى سەنئەت گۈلزارىدۇر — گۈلگە باي.

خەلقى ناخشا - ئۇسسۇل خۇمار، -
ناخشىسى —
ئاقار يەركەن دەرياسىدەك شاۋقۇنلاپ.

ئېتىز — باغلار، ئۆي - ھويلىلار، مەھەللەر،
ناخشا بىلەن قاينار دائىم - دولقۇنلاپ.

ئالتۇن كۈزدە چىققىنىدا ئەۋجىگە،
زەپ كارامەت قىزىسىپ دولان مەشرىپى.
بىر ئالىدۇ تەكرىتاغنىڭ باغرىنى،
ئامانىسا ئەۋلادىنىڭ تەرىپى.

پەخىرلىنىپ ئۇلۇغ دىيار — يەركەندىن،
دەيمەن: مەنبەت يەركەن دەريا بويلىرى.
مەڭگۈ ئېقىپ تۇرار ئەزىم سۇ كەبى،
ئامانىسا، قىدىرخاننىڭ كۈيلىرى.

بۇ كۈي - ناخشا كەتكەچ يېڭى تۈس ئېلىپ،
ئاڭلا ئەنە، بۇكۈي - ناخشا يېڭىچە.
ئۇ ھەم رەڭدار سەنئىتىمىز بېغىدا،
خۇشپۇرىقى ئۆزگىچە بىر گۈل - غۇنچە.

## 12

بىر دىيار بار زور كۈنلۈن باغرىدا،
بار ئۇنىڭكى كۈنلۈندەك ھەيۋىتى.
بۇ دىياركى ئىسمىتۇللا ئۆتكەن جاي،
نامى خوتەن،
ئالەمشۇمۇل شۆھرىتى.

بوستان خوتەن، شۇنچە ئۇزاق تارىخى،
قەدىملىكتە كۈنلۈنغا تەڭ يېشى.
ئەسىرلەردىن بۇيان جاھان ئەھلىنى،
ھەيران قىلىپ كەلگەن ئالتۇن، قاش تېشى.

يانا مەپتۇن قىلىپ كەلدى جاھاننى،
نەپىس ئەتلەس - گىلەم ئوخشاش سەنئىتى.
چۈنكى سەنئەت تا قەدىمدىن - قەدىمدىن،
بولدى ئۇنىڭ خەلقىنىڭ چىن ئۈلپىتى.

بۈگۈن خوتەن يېڭى دۇنيا ... ھۆر دۇنيا،
ئىللىق باھار قوينىدا ئۇ نۇر دۇنيا.
رۇناق تېپىپ سەنئەتكار ئەل باشقىچە،
بولدى سەنئەت بېغىمۇ بىر گۈل دۇنيا.

ھەر ئاڭلىسام ناخشىنى، كۆزۈمدە،
چاقناپ كېتەر رەڭدار زىلچە، شايىسى.
يۈرىكىمنى تولدۇرىدۇ ئۈمىدكە،
بۇ ناخشىنىڭ مەدھىيىلىگەن غايىسى.

شۇڭا دەيمەن: خوتەن ئېسىل گىلەمدەك،
رەڭدار زېمىن، ھەممە يېرى ئۆزگىچە.
ناخشا - كۈيى سەنئىتىمىز بېغىدا،
بىر ئۆزگىچە رەڭ - تۈسى بار گۈل-غۇنچە،

## 13

ئېھ، ئۈرۈمچى، بۈيۈك بوغدا ئېتىكى،
سەنمۇ ئۇلۇغ ئەجدادىمىز بۆشۈكى.
سەندە دائىم بولۇپ تۇرار يۇرتۇمنىڭ،
سەنئىتىنىڭ تەنتەنىلىك كۆركى.

شۇ كۆركەككى يېڭى ئۇيغۇر سەنئىتى،
تەكرىتاغنىڭ ئۆزگىچە ئۈن - ساداسى.
يەر - جاھاننى ھەيرانلىقتا قالدۇرار،
شۇ سادانىڭ كۈچ - قۇدرىتى — ناۋاسى.
شۇ سادانى،
شۇ ناۋانى ئاڭلىسام

ھاياجاندا سوقىدۇ شاد يۈرىكىم،
ھەمدە باھار ئاپتىپىدەك چاقنايدۇ.
دىلنى تامام چۇلغىۋالغان تىلىكىم،
شۇڭا دەيمەن: ئانا يۇرتۇم سەنئىتى.

بىر ئۇلۇغ باغ،
ياشناپ بارار ئەبەتكە.

ھەممە يەرنىڭ سەنئىتى، كۈي - ناخشىسى،
ئىگە ھامان يۈكسەك ئالقىشى - ھۆرمەتكە.

# ناخشا تېكستلىرى

## چال يىگىت

### قۇربان مامۇت

مەرغۇللىتىپ تەمبۇرنى سەن،
گۈلباغ ئارا چالدىڭ يىگىت.
ياڭراق مۇقامىڭ كەيپىدىن،
ھەر دىلغا ئوت سالدىڭ يىگىت.

بۇلبۇلمۇ قالدى كۈيىدىن،
چىمقاندا ناخشاڭ ئەۋجىگە.
بولدى قىيام ئەھلى سورۇن،
چۈككەندە ناخشاڭ مەۋجىگە.

دەرد كۆرمىسۇن ئالتۇن قولۇڭ،
چالغىن راسا، قانسۇن يۈرەك.
تاتلىق ئۆمۈرلۈك تاڭ ئۈچۈن،
يالقۇنلىنىپ يانسۇن يۈرەك.

## ئۆزگىچە

### تەلئەت ناسىرى

خۇش تەبەسسۇم ئەتتى بىزگە نۇرى دەۋران ئۆزگىچە،
ئاپتىپىدا زەر قۇياشنىڭ كۈلدى بوستان ئۆزگىچە.

خەلقىمىز تاپتى سائادەت قايىندى توي بەزمىسى،
جۇشتى ئۇسسۇلغا يىگىتلەر كۆڭلى شادمان ئۆزگىچە.

كەڭ دىيارىمىڭ باغرىدا ياڭرايدۇ شادلىق ناخشىسى،
ھۆر زامان ئىلھامى بولغاچ، دىلغا دەرمان ئۆزگىچە.

بارچە مىللەت ناخشا ئېيتىپ سۆردى دەۋران پەيزىنى،
شاد يۈرەكلەر شوخ ناۋاسى كەتتى ھەريان ئۆزگىچە.

## سەن گۈزەل

باغ ئارا گۈلشەن ئىچرە گۈلى رەيھانىم گۈزەل،
تاڭ نۇرى مەگزىگە سۆيگەن ھۆسنى جەۋلانىم گۈزەل.

ئاھ ئۇرۇپ ئىشقىڭدا نالە ئەيلىسەم بۇلبۇلى سۈپەت،
سەن بىلەن بەختىنى تاپقان سۈردى دەۋرانىم گۈزەل.

ئادىمىزاتمۇ؟ پەرىزاتمۇ؟ بىلەلمەستىمەن مەن سېنى،
كۆزلىرىم قالدى يولۇڭدا، ئەقلىم ھەيران سەن گۈزەل.

غەنچەرۇ كىرپىكلىرىڭ باغرىمنى پارە ئەيلىبا،
بېقىشىڭ خەستە كۆڭۈلگە بولدى دەرمان سەن گۈزەل.

## قايرىلىپ سەن باققاندا

مېھرى ئىشقى دەرياسى، سەن تامانغا ئاققاندا،
يالقۇنجار يۈرەك ئوتتۇم باغرىم ساڭا باققاندا.
زارىم ئاتەشى، قەددىم خار، سەن يېنىمدىن قاچقاندا،
كۆرۈنەر كۆزىمە قايرىلىپ سەن باققاندا.

گۈلنى تۇتسام گۈل خىجىل، نۇرى جىلۋە ھۆسنۈڭگە،
كېپىنەكتەك قونغۇم بار ئالمىزارلىق كۆكسۈڭگە.
شەرتىڭ بولسا ئېيت يايرىم تاغ ئالارمەن بەستىڭگە.
گۈل كۆرۈنەر سايلىغلار سېنىڭ بىلەن ماڭغاندا.

بولمىسامۇ ناخشىچى مەيلىم ناخشا ئېيت دەيدۇ،
كۆيدۈرۈشۈڭ، ئۆرتۈشۈڭ شائىرلىققا ئۈندەيدۇ.
يىغلارىنىڭ ھالىغا ئەمدى كىملەر يىغلايدۇ،
يۈرىكىمگە مىڭ خەنجەر كىرپىكىڭ ھەر قاققاندا.

# بىر ساپاق ئۈزۈم

(«قىزىل سايۋان» ناملىق سۈرەتكە بېغىشلىما)

م. بارى

مەي باغلىغان شەربەت ئۈزۈمگە،
تىكىلىمەن شۇنچە ھەۋەستە.
چاكىلدىتىپ تامىقىمنى مەن،
سۈرەتتىغۇ بۇ دەيمەن ھەم تەستە.

ئۆي - ئۆيلەردە شۇ نەپىس سۈرەت،
ئەسلىتىدۇ تۇرپان بېغىنى.
يېشىل ياپراق، تاۋلانغان ئۈزۈم،
يەيدۇ گويا كۆزنىڭ يېغىنى.

شەربىتىنى ئىچمەكتە مەن،
قول ئۇزاتتىم ئاڭا نەچچە رەت.
ئاقىۋەتتە قالدىم ئالدىنىپ،
ھېسسىياتقا قۇل بوپتىمەن پەقەت.

توۋا دەيمەن ماڭا كارامەت،
ئۇلۇغ ئىكەن سەنئەت قۇدرىتى.
سەنئەتكارغا دەيمەن ئاپىرىن!
ئاشتى دىلدا ئۇنىڭ ھۆرمىتى.

# ناخشا تېكستلىرى

## ھەبىبۇللا ئوسمان

### تەڭرى تاغ گۈلى دەيمۇ؟

ئاي يۈزلۈك گۈزەل جانان،
مەن سېنى پەرى دەيمۇ؟
خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان.
تەڭرى تاغ گۈلى دەيمۇ؟

كەلسەڭ ياڭرىتىپ ناخشا،
باغنىڭ بۇلبۇلى دەيمۇ؟

سازىڭنى دىيارىمنىڭ،
جۇشقۇن مەرغۇلى دەيمۇ؟

بەختىيار ھاياتىڭنى،
شاد دىلنىڭ تويى دەيمۇ؟
ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان،
تارىمنىڭ كۆيى دەيمۇ؟

نەقرات

تەڭرى تاغ گۈلى دەيمۇ؟
باھارىم بۇلبۇلى دەيمۇ؟

※ ※ ※

### بەختىم قوشاق باھاردا

ئىشقىڭ گۈلخان دىلىمدا،
نامىڭ داستان تىلىمدا،
سېنىڭ شانلىق ئوبرازىڭ،
ياشايدۇ گۈل بېغىمدا.

گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت،
بولغاچ سېنىڭ زىننىتىڭ.

ئورۇن ئالدى قەلبىمدە،
مۇھەببىتىڭ ھۆرمىتىڭ.

بىللە ئۆتسەم سەن بىلەن،
ياشنايدۇ دىل ئارمانىم.
ساڭا مەڭگۈ يار بولماق،
مېنىڭ ئەھدۇ - قارارىم.

# تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرەيلى

سىراجىددىن زۇبەير

سەنئەت ئىجتىمائىي ئاڭغا مەنسۇپ بولغان، ئىدىئولوگىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم قورالى. شۇنداقلا رېئال تۇرمۇشنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەپ كىشىلەرگە ئېستېتىك ئاڭ ۋە بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان روھىي ئوزۇقتۇر.

سەھنە ۋە ئېكران سەنئىتىدە، كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەل-نەغمە قاتارلىقلار كىشىلەر ھاياتىدىن رېئال، ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك، دەۋرىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەشكە پايدىلىق بولغان ۋە كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان تېمىلار تاللىۋېلىنىپ روشەن ۋە جانلىق ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولى ناھايىتى تېز ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. مەسىلەن: ئوخشىمىغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر قانچە تىياتىرنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىجتىمائىي روھىي كەيپىياتىنى، ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، مىجەز - خۇلۇقلىرى، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىشلىرى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بىلىپ ئالالايدۇ.

سەنئەت، كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە دەرس ئۆتۈش، لېكسىيە سۆزلەش، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ياكى مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس يۈكسەك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە تايىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

مەسىلەن: تىياتىر ئارتىسلىرىنى ئالساق ئۇلار ئوبرازلىق سەھنە تېكىستى ۋە سەھنە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەسەر ۋەقەلىكىنى جانلاندۇرۇپ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنى گويا ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىۋاتقانىنى ھېس قىلىدۇ، ئارتىسلار كۈلسە كۈلىدۇ، يىغلىسا يىغلايدۇ.

تىياتىر ئەنە شۇنداق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە تايىنىپ ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، راستچىللىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىكتەك بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىدىيىۋى تەندەنسىيىلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەپ، خەلقنى ۋىجدانلىق، قايىللىق، ئىرادىلىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

1

شۇڭلاشقا تىياتىر سەنئىتىنىڭمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ۋە كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەشتىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز لازىم. چۈنكى، كىشىلەرنى تەربىيىلەشنىڭ ھەر قانداق شەكىللىرى سەنئەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلمەيدۇ. سەھنە سەنئىتىنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىكى سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ بەدىئىي تارتىش قۇدرىتىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر سەنئەتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز تۇرمۇشىدا سەنئەتسىز ئۆتكەن چاغلىرىنى مەنىسىز ھەم كۆڭۈلسىز ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار بىرەر سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئويۇننى كۆرۈش ئۈچۈن، ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىقىغا ھەم يولنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قارىماي ئويۇن كۆرۈشكە كېلىپ پەردىنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ئويۇن باشلىنىپ تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاماشىبىنلار ئىجابىي قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۈرەش غەلىبىسىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ. سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئېلىپ بارغان زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە پەسكەشلىكلىرىگە ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۆز تۇرمۇشىدا سادىر قىلغان بەزىبىر بولمىغۇر ئىشلارغا نىسبەتەن ئىختىيارسىز خىجالەتچىلىك ھېس قىلىدۇ ياكى پۇشمان قىلىدۇ. مانا بۇ سەنئەت تەربىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ نەقەدەر زور بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سەنئەت تەربىيىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ لېنىن «تىياتىر، كىنو — خەلق ئەينىكى» دېگەنىدى. سەنئەت ھەقىقەتەن «ئىنسانلار ئۈچۈن ئەينەك ۋە تۇرمۇش دەرسلىكى» بولۇشقا مۇناسىپ.

تىياتىر سەنئىتىنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەربىيىسى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى كۈچەيتىش ۋە گۈزەللىككە بولغان تەشنالىقىنى تەمىن ئېتىش ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، بىز دەۋاتقان ھوزۇرلاندۇرۇش ئەلۋەتتە پاك، ساغلام بولغان ھوزۇرلاندۇرۇش، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ زېھنىغا تېگىدىغان، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ھوزۇرلاندۇرۇش ئەمەس. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، سەنئەت نوقۇل ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ئەمەس. تىياتىر سەنئىتى ھەم شۇنداق.

ئەگەر بىز ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە سەل قاراپ مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ھوزۇرلاندۇرۇشقا يول قويىدىغان بولساق سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىنى يوقىتىپ، كىشىلەرنى «سەنئەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا سەنئەت» دېگەن خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىمىز خالاس.

سەنئەتنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئىنكار قىلىپ ئۇنى سىياسەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ياكى بىر بۇرۇلۇپلا سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى يوققا چىقىرىپ تاشلايدىغان ئەھۋاللارمۇ بىر مەزگىل ئەۋج ئالغانىدى. بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەنئەت ئەمەلىيىتىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى سەنئەتكە يۇقىرىقىدەك قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا خاتا. تىياتىر سەنئىتىنىڭ قايسى تۈرى بولسۇن، ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، تارىخىي ۋە ھازىرقى زامان تېمىلىرىدا يېزىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكىنىڭ بىردەكلىكى شەرتلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ. تىياتىر

سەنئىتىنىڭ تەربىيە ئۈنۈمى توغرىسىدا توختالغاندا شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. يەنى سەھنىدە ئوينالغان ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن تاماشىبىنلارغا بېرىدىغان تەسىرى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى تىياتىرلار تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئۇلارنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلسا بەزىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى تۆۋەنرەك بولىدۇ. ھەتتا بەزى تىياتىرلار باشلىنىشتا خېلى داغدۇغىلىق باشلىنىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆز ئوبيېكتى (تاماشىبىن) دىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ خىل تىياتىرلارنىڭ مەزمۇنى پۇچەك، تىلى ناچار بولۇپ، تەربىيىۋى ئۈنۈمگە ئىگە بولالمايلا قالماستىن، بەلكى ئاممىنى زەھەرلەپ قويىدۇ. بۇنىڭدا مەسىلىنى ئالدى بىلەن تىياتىر ئىجادىيەتچىلىرىدىن ئىزدەش كېرەك.

بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىسى يېتەرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن تېما تاللاشتا قايمۇقۇپ قالىدۇ. نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمايلا بىرتالاي چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەرنى يىغىۋېلىپ بىر چەتتىن تىزىشقا باشلايدۇ. ياكى تۇرمۇشتا نېمە بولسا ئەينەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە كىتاب سەھنىلەشتۈرۈلگەندە نۆلگە تەڭ بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە كېيىنكى يىللاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز سەھنىدە قويۇلۇپ، بەزى ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى ئوبدان مىسال بولالايدۇ. سەھنە ئەسەرلىرى توغرىسىدا مەشھۇر يازغۇچى لۇشۈن «سەھنە ئەسەرلىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى سەھنىگە ئەپچىقسا بولىدۇ، ئىككىنچىسىنى ئوقۇپلا قويسا بولىدۇ» دېگەنىدى.

بىز ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ كېيىنكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن تىياتىر ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، نەشىر قىلىنغان ئەسەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سەھنىلەشتۈرۈلگەنلىرى كۆپ ئەمەس، سەھنىلەشتۈرۈلگەنلەر ئىچىدىمۇ سەھنىدىن چۈشمەي داۋاملىق قويۇلغانلىرى تېخىمۇ ئاز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بىزنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىمىزدە ھەقىقەتەنمۇ بەزى نۇقسانلار مەۋجۇد. تىياتىر ئىجادىيىتىمىزدە بۈگۈنگىچە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە، سەھنە ئەسىرى بىر قېتىم سەھنىلەشتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۆزلۈكسىز پىششىقلاشنى توختىتىپ قويىمىز. ھەرقانداق سەھنە ئەسىرى تۇنجى رەت سەھنىگە چىقىشى بىلەن مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. دراماتورگنىڭ ئۆز ئەسىرى سەھنىدە رەسمىي قويۇلغاندىن كېيىنمۇ ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا، رېژىسسورنىڭ ۋە ئارتىسلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ ئەسەرنى ئۆزلۈكسىز تۈزىتىپ مېڭىشى لازىم.

ئەگەر ئاپتور تىياتىر كوللېكتىپىنىڭ ئەسەرنى ئۆزگەرتىپ پىششىقلىشىغا يول قويمىسا، رېژىسسورنىڭ ئۆزگەرتىشىگە رازى بولمىسا، ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئەڭ ياخشىسى كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاپتورنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىش لازىم.

ماكسىم گوركى ۋە گومورودەك ئاتاقلىق يازغۇچى، ئەدىبلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئارتىسلار بىلەن پىكىرلىشىپ ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. گومورو ئۆزىنىڭ «چۈيۈەن» ناملىق دراممىسىنىڭ ئىزاھاتىدا: «بىر جۈملە سۆز ئۈچۈن بېشىم

قېتىپ يۈرگىنىمدە، بىر ئارتىس ئۇستازىم ماڭا «ئېخ» دېگەن سۆزنى قوشسىڭىز ئوبدان بولاتتى، دەپ كۆرسىتىپ بەردى» دەپ يازغان ۋە ئۇ ئارتىسنى «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن رېژىسسورنىڭ سەھنە ئەسىرىنى مۇۋاپىق تاللىشى، روللار مۇۋاپىق بولۇشى، مۇزىكا، كىيىم، گىرىم، دېكوراتسىيە قاتارلىق ئىشلاردا قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى، شۇ ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئەگەر رېژىسسور سەۋىيىسىنىڭ چەكلىكلىكى ياكى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سەل قارىغانلىقى سەۋەبتىن ئەسەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا بىر قەدەر ياخشى دېگەن ئەسەرمۇ سەھنىدە ئوينالغاندا تاماشىبىنلارنى زېرىكتۈرۈپ كۇلۇبتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: بىزگە تونۇش بولغان «غېرىب - سەنەم» تىياتىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ئۇنىڭدا مۇھەببەت تېمىسى مەزمۇن قىلىنغان. ئەگەر رېژىسسور ئەسەر مەزمۇنىغا يۈزەكى مۇئامىلە قىلىپ شاھنىڭ نام - شۆھرەتكە قىزىقىپ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئالدىدىكى رەزىل ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرسەتمىسە، قىزىنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشىغىلا نارازى تەرىپىنى ئېچىپ بېرىپ، زالىملىق قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرمىسە، ئۇ چاغدا ئاپتورنىڭ ئالغا سۈرگەن تۈپ ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن بولىدۇ. ئەگەر تاماشىبىنلار غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئىشقى - مۇھەببەتلىك ناخشىسى بىلەنلا ھوزۇرلىنىپ شاھقا غەزەبلىنەلمىسە، ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئېچىپ بېرىلمىگەن بولىدۇ - دە، «غېرىپ - سەنەم» دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر كىلاسسىك داستاننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولىدۇ. «ئارشىن مال ئالان» تىياتىرىدا ئەگەر رېژىسسور سۇلتان باينىڭ كومېدىك خاراكتېرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، پىخسىق، تەرسا، كاۋاز، مۇتەئەسسىپ تەرىپىگە سەل قارايدىغان بولسا، ئۇنى ۋەلى بىلەن زىبانىڭ قاتارىغا قويۇپ قويىدىغان بولسا، تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا غەزەپلىنىش تۇرماق، ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. ئۇ چاغدا گۈلجەھەرەنىڭ چەككەن روھىي ئازابلىرى نۆل بىلەن تەڭ بولىدۇ - دە، بۇ ئەسەرنىڭمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

رېژىسسورنىڭ مەسئۇلىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر مىسالنى ئالساق، مۇزىكىلىق دراما «غۇنچەم» نىڭ مەلۇم كۆرۈنۈشىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زومىگەر ھاشىم باي بىلەن زورىغانىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا مۇجۇلۇپ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان غۇنچەم ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغاندا ھاشىم باينىڭ ئەركە بەگزادىسى سىيىت ماڭقا ئۆزىگە ئوخشاش دەلدۈشلەر بىلەن چاقچاق قىلىشىپ كۈلۈشىدۇ. ئەمما بۇ كۆرۈنۈش تاماشىبىنلارنى قىلچىلىك كۈلدۈرەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ غۇنچەمگە بولغان ھېسداشلىقىنى، بۇ زومىگەرلەر ئائىلىسىگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئەگەر رېژىسسور بۇ كۆرۈنۈشتە كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاش ئورنىغا زالىملارنى كۈلدۈرۈپ قويسا ئۇ چاغدا ئىنتايىن چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولىدۇ - دە، «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ تۈپ مەزمۇنىدىن چەتنەپ كېتىدۇ.

دېمەك بىر سەھنە ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈلۈشى ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ياخشى يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا، رېژىسسورنىڭ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغان ياكى ئورۇن-

لاشتۇرالمىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئارتىسلارنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە باغلىق.

بىزنىڭ تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇشۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى، تارىخىي ۋە ھازىرقى زامان تېمىسىدا يېزىلغان خېلى كۆپ سەھنە تىياتىر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: «قاللىق يىللار»، «مۇلجەر تاغ بورانلىرى»، «سالىمغا ـ سامەن»، «مەسلىھەت چېيى»، «كۈتۈلمىگەن توي»، «چىن مودەن»، «بىزگە ئىشىنەمسىز»، «مۇقام ئەجدادلىرى» شۇنىڭدەك خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئانا ـ بالا»، «قىزچاق مەن بىلەن يۈرۈڭ»، چەت ئەل تىياتىرلىرىدىن «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «ئەجەل سىرتمىقى» قاتارلىق بىرمۇنچە ئەسەرلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ كىشلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

بىراق بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى جۈملىدىن مەدەنىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرغاندا تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئانچە تېز ئەمەس. قىسمەن سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىق تەرىپىمىزنى كۆرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئىسلاھات روھى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشماقتا. ئەگەر بۇ خىل باشلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرىي يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشسە، ئۇ چاغدا سەنئەت ۋەزىيىتىمىزدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، يەنىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى.

ئەمدى تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە توختالماي بولمايدۇ.

1) تونۇش ۋە ئىشەنچ مەسىلىسى: ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي خىزمەتلەردىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمىزكى، پارتىيىمىز سەنئەت ئىشلىرىغا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى رەھبەرلىك تېخىمۇ كۈچەيدى. لېكىن سەنئەت ئىشلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئاز ساندىكى يولداشلارنىڭ، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىغا بولغان تونۇشى يەنىلا ئاجىز. ئۇلار قانداقتۇر سەنئەت ئىشلىرى توختاپ قالمىسىلا بولىدۇ دەپ قاراپ، سەنئەتچىلەرنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇپ يەتكىنى يوق. ئۇلار پەقەت سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ يىللىق ئويۇن قويۇش قېتىم سانى ۋە كىرىم ئەھۋالى بىلەنلا ھېسابلىشىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەدەنىي پائالىيەتكە بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالمايدۇ.

تاماشىبىنلار تىياتىرنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى، مەسىلەن: دراما، مۇزىكىلىق دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق تىياتىرلارنى كۆرۈشنى خالايدۇ.

بىز ھازىر 40 ـ يىللارنى ئەمەس، 80 ـ يىللارنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىز. خەلقىمىز ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنى ھەم شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ھەر خىل ئېقىمدىكى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە تىياتىرلىرىنى كۆرۈشكە مۇھتاج. خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلەپ ۋە

ئۇممىدى پۈتۈنلەي مەقلىق، مانا بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئەلۋەتتە.

2) بەزىلەر تىياتىرنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمەيدۇ. ئۇلار تىياتىر سەنئىتىمىزنى شۇ ساھەدىكى كەسپ ئەھلىلىرىگە يۆلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىلمىي لېكسىيە، ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈش، سەنئەت كەسپى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش، نەق مەيدان يىغىنلىرىنى ئېچىش، ئۈلگىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەيدۇ. ئۇلار تىياتىر سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا رېژىسسور، كومپوزىتورلار، دېكراتورلار ۋە كىيىم - كېچەك، گىرىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك خادىملىرىنىڭ رولىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە سەل قارايدۇ. ۋاھالەنكى بىر بىناكارلىق قۇرۇلۇشىمۇ بىر كىشىنىڭ پىكرى بىلەن ئەمەس، ياخشى بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتۈپ چىقىدۇ. سەنئەتمۇ ئوخشاشلا ئەزەلدىن كەسپ ئەھلىلىرىنى چەتكە قاققان ئەمەس. بىر كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، مول پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە، ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىملارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ماڭارىپىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

3) سەنئەت سېپىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سەنئەتچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس. بىر قىسىم كەسپىي سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى سەنئەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن. مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بىر قىسىم سەنئەتچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرى كامراق. بۇ ئەھۋال سەنئىتىمىزنىڭ راۋان تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك يولداشلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا، كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەنرەك سەنئەتچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئوتتۇرىدىكى پەرقنى يوقىتىپ تىياتىر ئىجادىيىتىمىزنى گۈللەندۈرەلەيمىز.

4) بىز ئارتىسلارنىڭ بىردە ماھىر بولۇپ، باشقىنى بىلمەيدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلمىمىز. بىراق تىياتىر سەنئىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئۆزىگە خاس بىر پەن. ئەگەر تىياتىر ئارتىسىنى سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرىنى ئوخشاش سەۋىيىدە ئىگىلەپ چىقىشقا مەجبۇرلىساق ئۇ چاغدا تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەن بولىمىز. شۇنداقلا تىياتىر سەنئىتىدە تازا ماھارەتلىك ئارتىسلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايمىز. نەتىجىدە تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ھازىرنى ھەم كەلگۈسىنى ئويلىغان ھالدا ھەر بىر كەسپلەر بويىچە ئىقتىدارلىق سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشىمىز، جۈملىدىن تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىۋى ئۈنۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

# بولغاچ كۆكلەم ـ ئىللىق كۈنلەر، ئېچىلدى زەپ ئېسىل گۈللەر

— مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتى 82 ـ يىللىق شىنجاڭ مىللىي سىنىپى توغرىسىدا

**دەي جىڭچۈن**

«مۇئەللىملەرگە چەكسىز رەھمەت! مۇئەللىملەرنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى ئەبەدىل ـ ئەبەد مۇئادا قىلىپ بولالمايمىز».

مەن مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتى 82 ـ يىللىق شىنجاڭ مىللىي سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن قويغان ئويۇنى — چوڭ تىپتىكى دراما «قانلىق يىللار» دىكى ئاساسلىق ئايال پېرسوناژنىڭ رولىنى ئورۇنلىغان ياش ئارتىسكا گۈزەلنۇرنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇ تۆت يىللىق جاپالىق ئۆگىنىشتىن ۋايىسىماي، رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىققانلىقىنىمۇ ماختىماي، كۆز چاناقلىرىنى ھاياجاندىن ھاسىل بولغان ياش مونچاقلىرى بىلەن تولدۇرغان ھالدا، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن شۇ سۆزنى دېدى.

ياق، بۇ يالغۇز مۇشۇ بىر قىزنىڭلا يۈرەك سۆزى ئەمەس، بۇ مۇشۇ سىنىپتىكى 24 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ساۋاقداشنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىدۇر.

## ئىمتىھان مەيدانىدا

تۆت يىل ئىلگىرىكى بىر كۈز كۈنى. بىر يېشىل رەڭلىك چوڭ ئاپتوبۇس كەڭ كۇشادە، خۇشپۇراق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تيەنئەنمېن مەيدانىدىن ئۆتۈپ، بېيجىڭنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ميەنخۇا كوچىسىدىكى جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئالىي تىياتىر يۇرتىغا — مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا يېتىپ كەلدى. رەڭمۇ رەڭ كىيىنگەن بۇ بىر توپ ئوغۇل ـ قىزلار ئاپتوبۇستىن چۈشتى، بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چېتى ھېسابلىنىدىغان خوتەن يېزىلىرىدىن، سەددىچىن سىرتىدىكى جياگۈەن دەپ ئاتالغان ئاقسۇدىن، گۈزەل ئالتاي يايلاقلىرىدىن، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن كېلىپ بۇ مۇقەددەس سەنئەت بۆشۈكىگە قەدەم باستى.

بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن، ئۇلار بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە ئىمتىھانغا قاتناشقانىدى.

يىپەك يولىدىكى مەشھۇر شەھەر قەشقەردىكى چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ كىچىك زالىدا، مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ بىر قانچە ئوقۇتقۇچىلىرى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ دەل ئوتتۇر-

ـىدا قامەتلىك، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، قاپقارا چاچلىق ئوقۇتقۇچى شۈي جۈڭچۈەن ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەكتەپتىن كەلگەن ئۇيغۇر قىزى گۈزەلنۇر تۇراتتى. ئۇ قىزىل ئىلاۋن چاپان، شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك يوپكا ۋە قارا شىم كىيگەنىدى. سەھرا قىزلىرىغا خاس ياسانغان بۇ قىزنىڭ ئۇستىبېشىدىن ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇپا ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئوقۇغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «مۇدەنخان» ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترەتتى.

— «مۇدەن ناخشىسى» نى ئېيتىشنى بىلەمسىز؟ — سورىدى شۈي جۈڭچۈەن مۇئەللىم.

— بىلىمەن.

ئۇ قىلچە قورۇنمايلا شۇ ناخشىنى ئېيتتى.

— ئاۋازىڭىز بەك بەلەنكەن، يەنە بىر ئېيتىڭ، — دېدى شۈي مۇئەللىم ھاياجان بىلەن كۈلۈپ.

گۈزەلنۇر شۈي مۇئەللىم ئەڭ ياقتۇرىدىغان «مۇدەن ناخشىسى» نى ئىككى قېتىم ئېيتتى. ئاندىن تەقى - تۇرقىنى سىنايدىغان مۇئەللىمنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇ تىك تۇردى، پۇتىنى سوزدى، بېلىنى ئەگدى، بېلىنەر - بىلىنمەس سەكرىدى.

— بۇ قىزنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ ناھايىتى كېلىشكەنكەن، — دېدى تەقى - تۇرقىنى سىنايدىغان مۇئەللىممۇ رازىمەنلىك بىلەن.

ئەمدى نۆۋەت ئاكتىيورلۇق ئىمتىھانىغا كەلدى.

گۈزەلنۇر كىچىككىنە ئاغزىنى يۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاكتىيورلۇق دېگەن نېمە؟ — دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— سىز قانداق نەرسىنى ھېس قىلغان بولسىڭىز شۇنى شۇ بويىچە ئورۇنلاڭ، — دېدى بىر مۇئەللىم.

— ئەگەردە سىز ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئىمتىھاندا ئىلتىماس يازغىنىڭىزدا قانداق ھېسسىياتتا بولسىز؟

گۈزەلنۇر سومكىسىنى ئالدى - دە، ئۇنى دولىسىغا تاشلاپ خۇشال ئويناقلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كېلىپ، سومكىسىنى كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، جوزا ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولىغا قەغەز ۋە قەلەم ئالدى. قەلەمنىڭ ئۇچىنى لېۋىگە تەككۈزۈپ بىر پەس ئويلىنىۋالدى - دە، يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ شۇنچە خۇشال، شۇنچە سەممىي ئىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ ھەر يىلى ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۆچتە ياخشى بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى.

— سىز مەكتەپتە بىرەر ئىشنى چاتاق قىلىپ قويۇپ تەكشۈرۈش يازغاندا قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟

گۈزەلنۇر چاچلىرىنى چۇۋۇپ پاخپايتىپ، ئېسەدىگەن، روھىي چۈشكۈن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، سومكىسىنى ئاچچىق بىلەن كارىۋاتقا تاشلىدى. جوزا ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قەغەز ۋە قەلەم ئالدى - دە، كەلسە - كەل

مەس بىرنېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. يازغانلىرىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى بىلىپ، ئىككىنى تۇتۇپ بىر پەس ئويلاندى. ئۇ «مەن مۇنداق دومسىيىپ يۈرۈپ ئاتام، ئانام ۋە مۇئەللىمگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، يۈزىنى تۇتىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بايا يازغان نەرسىلىرىنى يىرتىپ پۈرلاپ تاشلىۋەتتى ـ دە، قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىشقا كىرىشتى.

شۈي مۇئەللىم «ناھايىتى ياخشى، بولدى» دېدى ـ دە، خاتىرىسىگە ئۆز تەسىراتىنى يازدى: سادە، تەبىئىي، چىن.

تالانتشۇناسلار تۇغما تالانت، ئىجتىھات، ياخشى شارائىت ـ يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئۈچ مۇھىم ئامىلى دەپ ھېسابلايدۇ. مۇئەللىملەر بۇ كۈدەك قىزنىڭ ئالغان رولىغا قاراپ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئارتىسلىق قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن رول ئېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بۇ قىز جۇڭگودىكى ئەڭ ئالىي سەنئەت سارىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تاللىشىدەك ياخشى پۇرسەتكە ۋە كۆزى ئۆتكۈر مۇئەللىمگە يولۇقتى.

ناخشىچىنىڭ ئاۋازى، ئۇسسۇلچىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، دراما ئارتىسىنىڭ رول ئېلىشى ـ مۇئەللىملەرنىڭ تىياتىر مايسىلىرىنى تاللىشىدىكى ئۆلچىمىدۇر. مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالتە نەپەر مۇئەللىم يۇقىرىقى ئۆلچەملەر بويىچە، 1982 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 17 ناھىيە، شەھەر ھەمدە نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ، 13 مىڭ 726 كىلومېتىر مۇساپە باستى. ئۇلار مەكتەپلەرگە، بازار، ئېتىزلىقلار، زاۋۇت، كانلارغا بېرىپ كۆزەتتى. بىر قانچە نۇقتىدا ئىمتىھان ئالدى...

بېيجىڭدىن كەلگەن بۇ مۇئەللىملەر ۋەتەننىڭ غەربىي شىمالىدا بولىدىغان قۇرغاقچىلىق، ئىسسىق، بوران ـ چاپقۇن، قوي گۆشىگە ئانچىلا ماسلىشالمايتتى. بىر نۆۋەت ئۇلار كۇچاردىن ئاقسۇغا قايتىۋاتقاندا، ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. ھاۋا ئىسسىق ئىدى. قورساق ئاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق جاننى قىينايتتى. ئۇلار ئەتىگەندىن تاكى كەچ كىرگىچە شۇ چۆلدە ماشىنا ساقلىدى. كەچ بولغاندىلا بىر ماشىنا يېتىپ ئۇلارنى ئاقسۇغا ئاپىرىپ قويدى. ئەتىسى ئۇلار ھارغىن-چارچىغىنىغا قارىماي جىددىي ئىمتىھان ئېلىشقا كىرىشىپ كەتتى...

ئۇلارنىڭ ھاۋا كېلىماتى، تۇرمۇش جەھەتتىكى ماسلىشالماسلىقنى يېڭىپ، جاپالىق ئىشلەشتىن مەقسەت ۋەتەن ئۈچۈن لاياقەتلىك مىللىي تىياتىر مايسىلىرىنى تاللاش ئىدى. تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ، سان ـ ساناقسىز يوللارنى بېسىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ ئاخىرى ھەر قايسى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان گۈزەلنۇر قاتارلىق يىگىرمە تۆت نەپەر مىللىي تىياتىر مايسىنى تاللاپ چىقتى.

## كارۋات بېشىدا چاقنىغان نۇر

ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققان 69 ـ قېتىملىق پويىز ياڭراق سىگنال بېرىپ ۋوگزالغا كىرىپ كەلدى، ئۈچ جۈپ ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىز ۋاگوندىن چۈشۈپ ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققان مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

شۇ مۇئەللىم گۈزەلنۇرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

— يولدا جاپا چەككەنسىلەر؟ — دېدى.

— ھە، — دېدى گۈزەلنۇر ھاڭۋېقىپ كۈلۈپ.

— نەرسەڭلەرنى يوقىتىپ قويمىغانسىلەر؟

— ھە، — ئۇ يەنىلا ھاڭۋېقىپ كۈلدى.

— قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ؟

— ھە، — ئۇ يەنىلا ھاڭۋېقىپ كۈلدى.

ئەسلى ئۇ مۇئەللىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى زادىلا چۈشەنمىگەنىدى.

«ئۇ يېتىشەلەرمۇ؟» شۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ سۈزۈك چىرايىغا قاراپ غەمگە چۆكتى.

مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى بۇرۇن ئىككى قارار شىنجاڭ مىللىي سىنىپى ئاچقان، ئوقۇش مۇددىتى 6 — 7 يىل بولۇپ، تۇنجى يىلى خەنزۇچە ئۆگەنگەن. بۇ قېتىم يارامىلىق كىشىلەرنى بۇرۇنراق، تېزراق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىلغا قىسقارتىلغانىدى. بىرىنچى يىلىلا كەسىپ ئۆگىنىش باشلىناتتى. بۇنداق قىلىش مۇئەللىملەرنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەمدۇ؟

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىمۇ مۇئەللىملەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. گۈزەلنۇر تېخىمۇ جىددىي بولاتتى. ئۇ مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە ئوقۇش باشلانغىنىغا بىر ئاي بولغانىدى، بەزى ئوقۇغۇچىلار دراما تېكىستلىرىنى خەنزۇچە يادلاۋاتاتتى.

دراما تېكىستلىرىنى يادلاش، رول ئېلىش دەرسلىرىنى ئۆتكەندە، گۈزەلنۇر خۇددى ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ سامادىكى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايتتى.

بۇ مۇلاھىم، سىپايە، ئەمما ئىچى كۈچلۈك قىز قەتئىي نىيەتكە كەلدى: ئۇلارغا چوقۇم يېتىشىۋېلىش كېرەك.

تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ كىشىلەر شىرىن ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغاندا، گۈزەلنۇرنىڭ كارىۋىتى بېشىدا چىراغ چاقنايتتى. چىراغقا بىر ياستۇق لۆڭگىسى يېپىلاتتى، ئۇنىڭدىن كىت چىككىنە نۇر چۈشۈپ بىر تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، بىر تەرىپىگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان دەپتەرنى يورۇتاتتى. گۈزەلنۇر پەس ئاۋازدا ئوقۇيتتى، يادلايتتى...

ئۇ تاڭ يورۇشىغىلا بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇراتتى - دە، مەكتەپتىكى دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ، خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بېرىپ تۇرغان رادىئودىن خەنزۇچە ئاڭلىتىشنى ئاڭلايتتى، دەسلەپ بىر، ئىككى، ئۈچ ئېغىز سۆزنىلا چۈشىنەلىدى...

بارا - بارا چۈشىنىدىغانلىرى كۆپەيدى.

ھەپتىدە ئىككى قېتىملا ئۆتۈلىدىغان خەنزۇ تىلى دەرسىدە ئۆگەنگەن خام سۆزلۈكلەرنى ئۇ چوڭ قىلىپ يېزىپ ئۈستۈنكى كارىۋاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە چاپلاپ قوياتتى. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، باشقا ساۋاقداشلار پاراڭغا چۈشكەن، ناخشا ئېيتىشىۋاتقان، تاماشا قىلىۋاتقان چاغلاردا، ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتاتتى - دە،

كارىۋاتقا چاپلاپ قويۇلغان ھېلىقى خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنى ئوقۇيتتى، يادلايتتى.

دەرستىن سىرتقى چاغلاردا، ئۇ لۇغەتنى ئالاتتى - دە، مۇئەللىمنىڭ، خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ئۇنى، بۇنى سورايتتى، بىلىشكە تىرىشاتتى...

مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەن چاغلاردا، بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى خەنزۇچىنى بىلمەيتتى ياكى ئاساسەن بىلمەيتتى. ھەپتىدە ئىككى قېتىم خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلگەندىن سىرت «كىچىك مۇئەللىم» تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. خەنزۇچىنى بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتەتتى. «جەمئىيەت سىنىپ، ھەر بىرەيلەن مۇئەللىم» بولغانىدى. ئوقۇغۇچىلار تاماقخانا، كىنوخانىلارنىڭ ئالدىلىرىدا، خام خەتلەر يېزىلغان دەپتەرلىرىنى قولىدىن چۈشەرمەي ئۆگىنەتتى، بىر - بىرىدىن سورىشاتتى.

يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتتى. ئەمما ھەممەيلەن ئورۇقلاپ كەتتى. ئەسلىدىنلا نامايىتى ئورۇق كەلگەن گۈزەلنۇر ئاران 42 كىلوگىرام كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

## يىغلاڭغۇ قىزلار

ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ چېھرىسىدە بەختىيارلىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. ئەمما بىر قىز يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى. بۇ قىز — پەرىزە ئىدى.

— پەرىزە، سىز بۇ تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ، — دېدى مۇئەللىم.

پەرىزە تېكىستنى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئوقۇپ بولدى.

— توغرا بولمىدى، تەلەپپۇز، ئىنتوناتسىيە توغرا بولمىدى. مېنىڭ ئوقۇشىمنى ئاڭلاڭ، — مۇئەللىم تېكىستنى ئوقۇپ بولۇپ بەش مىنۇت كۈلدى.

— ئەمدى سىز ئوقۇڭ.

پەرىزە تېكىستنى ئوقۇپ بولۇپ يەنىلا كۈلەلمىدى.

سىز بۇ تېكىستتىكى پىكىر، ھېسسىياتنى چۈشەنمەپسىز. قارىسا ئەقىللىقتەك تۇرىسىز، ئەمما دۆت ئىكەنسىز، قايتا ئوقۇڭ!

مۇئەللىمنىڭ بۇ قاتتىق تەلەپچانلىقى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن قىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، كۆزلىرىدىن شۇئانلا بۆلدۈقلاپ ياش تۆكۈلدى.

— نېمىگە يىغلايسىز، ئوقۇڭ!

ئۇ ياشلىرىنى سۈرتمەيتتىپ ئوقۇدى. بىر قانچە ئون، بىر قانچە يۈز قېتىم ئوقۇدى.

تېكىستتىن بىرەر جۈملىنى ئۆلچەمگە لايىق ئوقۇش ئۈچۈن ساۋاقداشلار دائىم دېگۈدەك ئون نەچچە قېتىم، بىر قانچە ئون، يۈز قېتىم مەشىق قىلاتتى. تاكى بىر ئوقۇش مەۋسۇمى داۋامىدا، تەلەپكە يەتكۈچە مەشىق قىلاتتى.

يەنە بىر قېتىم باشقا بىر قىز يىغلىدى، بۇ ماھىنۇر ئىدى.

— ماھىنۇر، سىزنىڭ ئېيتىلىشىڭىز توغرا بولمىدى، بەدەن ھەرىكىتىڭىز سەت، ھېسسىيات-

نىمۇ توغرا ئىپادىيەلىمەدىڭىز. قايتا ئېگىلىڭ، — دېدى مۇئەللىم قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايلا.

— مۇئەللىم، تىزىم ئىششىپ قالغانىدى، — دېدى ئازار يېگەن ماھىنۇر يىغلامسىراپ.

— ئىششىپ قالغان بولسىمۇ ئېگىلىڭ!

ماھىنۇر كۆز ياشلىرىنى توختىتىپ يەنە ئېگىلدى. بىر نەچچە ئون، يۈز قېتىم ئېگىلدى تاكى مۇئەللىم قانائەتلەنگەنگە قەدەر ئېگىلدى.

گۈزەلنۇر ئەقىللىق، تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى. مۇئەللىملەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇمۇ يىغلىدى.

ئۇ «تيانشان قىزىل گۈلى» دېگەن ئېلىنغان ئىپىزوتتىكى ئايگۈل ۋە «يۇرتىغا قايتىشقا تەشنالىق» تىكى يۈجەن قاتارلىق ساددە، ئاقكۆڭۈل، سىپايە ۋە خاراكتېر جەھەتتە ئۆزىگە يېقىن كېلىدىغان ئاياللارنىڭ رولىنى ئالغاندىن كېيىن، مۇئەللىم ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا يەتمىش ياشلىق رەمبال ئايالنىڭ رولىنى تاپشۇردى. گۈزەلنۇر ئىشنى پېرسوناژنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئىگەللەشتىن باشلاپ، كىنولاردىكى رەمبال ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ئەسلەپ، ئەينەككە قاراپ رەمبال ئايالنىڭ يول مېڭىشى، مەككارلارچە كۈلۈشىنى مەشىق قىلدى ۋە ئۆزىچە بەك ئوخشاتتىم، دەپ ئويلىدى.

لېكىن رېپېتىتسىيە ۋاقتىدا مۇئەللىم ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

— تاشقى كۆرۈنۈشكىلا بېرىلىپ كېتىپسىز. بۇنداق ئۇسۇل خەتەرلىك. سىز ئىشنى پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىشىڭىز كېرەك. تىياتىرنى تۇرمۇش مەنتىقىسى بويىچە ئورۇنلاش كېرەك.

ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى تەنقىدلەندى، روھى چۈشتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، ساۋاقداشلار ئالدىدا يىغلىماسلىق نىيىتىگە كەلدى. كۆزىگە لىقىدە تولغان ياشنى ئاستاغىنە، ئەپچىللىك بىلەن سۈرتىۋەتتى.

ئۇ سەھنە ئەسىرىنى قايتا ئوقۇدى. نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردى. پېرسوناژنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقتى. ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى: رەمبال خوتۇن تۇرمۇش تۈپەيلى رەمباللىق يولىغا ماڭغان، پۇل تېپىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئالدىغان، ئالداپ بولۇپ پۇشايمان قىلغان، قورققان، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى مۇرەككەپ.

ئۇ پېرسونازنى مۇشۇ يوسۇندا تەھلىل قىلىپ چۈشەنگەندىن كېيىن ئوبرازنى ياخشى ياراتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر قېتىم رول ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئىشنى پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشتىن باشلىدى، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆي - پىكىر، ھېسسىياتنى تىرىشچانلىق بىلەن قازدى.

ئەمەلىيەتتە، يىغلىغانلار شۇ ئۈچ قىزلا ئەمەس، پۈتۈن سىنىپتىكى قىزلاردىن مۇئەللىمنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىمىغان، يىغلىمىغان بىرسىمۇ يوق.

تەلەپچان ئۇستازنىڭ قولىدىن ئىقتىدارلىق شاگىرت يېتىشىپ چىقىدۇ. مۇئەللىملەرنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقى ساۋاقداشلارنىڭ كەسپتە تېزدىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئۇلارنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرى باھارنىڭ سىم - سىم يامغۇرىغا ئايلىنىپ، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا سۇ بولدى. ئاخىر ئۇلار ئۈچ تال كۆز چاقناتقۇچى گۈلگە ئايلاندى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش دوكلات ئويۇنىدا، پەرىزە «سىمگان قىزى» دىكى ئايال باش قەھرىمان ناجىنىڭ رولىنى، ماھىنۇر «قەلبى گۈزەل قىز» دىكى ئايال باش قەھرىمان فالڭ فاڭنىڭ رولىنى، گۈزەلنۇر «قانلىق يىللار» دىكى ئايال باش قەھرىمان نۇرىمانىنىڭ رولىنى ئالدى. ئۇلار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

«ھەقىقى بەخت — قان - تەر بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.» بۇ — بىر ئەقەللىي سۆز. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆز ياشلىرى ۋە جاپالىق ئۆگىنىشىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن.

مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، بۇرۇنقىلاردىن ئېشىپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى، يۈرەك قانلىرى بەدىلىگە ئۆزى ئورۇنلىماقچى بولغان رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى. ئەمما، مۇئەللىملەر ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك رولىنى قۇربان قىلدى.

شۇي مۇئەللىم ھەممىگە تونۇشلۇق ئارتىس. ئۇ «قوشنىلار» كىنوسىدىكى شى دۇيجاڭ، «ھارۋىلار ئۆتۈشمەكتە» كىنوسىدىكى ھارۋىكەشنىڭ رولىنى ئالغان. باشقا مۇئەللىملەرمۇ مەملىكەت بويىچە داڭلىق ئارتىسلار ئىدى. كىنو ستودىيىلىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىر ئىشلەش مەركىزى ئۇلارنى دائىم دېگۈدەك رولغا تەكلىپ قىلىپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ئەسەرنى قولغا ئالغاندا يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. ئۇلار يېڭى قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشقا شۇ قەدەر تەشنا ئىدى. ئەمما ئۇلار ھامان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنى، ئەقىل - پاراستى، غايىسىنى ئاشۇ بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت تىياتىر گۈللىرىگە سەرپ قىلىۋەتتى.

## ئۆچمەس تەسىرات

— گۈزەلنۇر، سىز ياراتقان نۇرىمان ئوبرازى كىشىنى قالتىس تەسىرلەندۈرىدىكەن. بولۇپمۇ پاخلاندۇ خېنىم چۈچۈتۈلگەن ياغقا تاشلانغان چاغدىكى ئىپادىلىرىڭىز مەندە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى، — دېدىم مەن چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىپ.

ئۇ بىر پەس جىمىپ كەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— مۇئەللىم، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىزىق ياش تۆكۈلدى، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — پاخلاندۇ خېنىم چۈچۈتۈلگەن ياغقا تىرىكلا تاشلانىدى. مېنىڭ قەدىردان ئۇستازىم، خەلق ياخشى كۆرىدىغان شائىرە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. مەدەنىيىتىمىز گۇمران بولۇشقا باشلىدى، دەپ ئويلىدىم. ئازابلاندىم، غەزەپلەندىم. مەن ھەسرەت بىلەن يىغلاپ ئالغا ئېتىلدىم، پاخلاندۇ خېنىمنى چۈچۈتۈلگەن ياغدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى، مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ ۋەھشىي خانىم پادىشاھنى بىرلا ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئويلىدىم. ئاسمانغا بېقىپ، قوللىرىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ نالە قىلدىم، ئاللادىن خەلقىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلىدىم.

ئۇ پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلا كەتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى خۇددى قاقاق ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى قايغان سۇدەك شارقىراپ ئېقىپ كەتتى.

بىر ئاۋۋەت مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ئويۇن قويۇلغاندا. تىياتىرنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسى پاخلاندۇ خېنىمنى چۈچۈتۈلگەن يافقا تاشلايدىغان نۇقتىغا يەتكەندە. ئۇ يىغلىغانچە ئالغا ئېتىلىپ، مۇزىكانتلار تۇرىدىغان جايغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - تاماس قالغان...

مەن يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، كېلىشكەن، نازۇك ۋە مۇلايىم، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا تولغان بۇ ياش ئارتىسقا قاراپ «نېمىدېگەن ھېسسىياتچان - ھە!» دەپ ئويلىغانىدىم.

مەن گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدىم.

— مېنىڭچە، ئۇرىمانىنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى ئانچە روشەن ئەمەس، ئۇ «سىڭگان قىزى» دىكى ناجىگە ئوخشىمايدىكەن. ناجىنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى تولىمۇ روشەن، — دېدىم.

ئۇ باش لىڭشىتىپ:

— ئارتىس ناجىگە ئوخشايدىغان پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئالسا، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بولىدۇ، — دېدى.

پەرىزە ئوينىغان ناجىمۇ مەندە ئوخشاشلا ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى.

ئەنە، ناجى قىزغىنلىق بىلەن نەپىس سىڭگان ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتتا. ئۇنىڭ تافىسى ئۇنى قەبىلە كاتتىبېشىغا سېتىۋەتتى. قەبىلە باشلىقى ئۇنى دەپسەندە قىلماقچى بولدى. ناجى ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتەردى - دە، پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى. ئۇ شۇنچە گۈزەل، ئاقكۆڭۈل، پاك ۋە قەيسەر.

ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئۇنى ئىگەللىۋېلىش قەستىدە ئۇنى ئوغلىدىن — سۆيۈملۈكى نۇرىدىن ئايرىلىشقا قىستايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇلدار باشلىققا تەگ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە سۆيۈملۈك نۇرىدىن ئايرىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىدۇ. دەسلەپ ھەسرەت بىلەن ئاچچىق كۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن غەزەپلىنىك ئەسەبىي كۈلكىگە ئۆتىدۇ. ئاندىن غەزەپلىك ئەسەبىي كۈلكىدىن مەڭسىتمەستەك سوغ كۈلكىگە ئۆتىدۇ.

ساپ نىيەتلىك تاغىلار ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن يىغىپ بەرگەن پۇلنى باشقىلار ئوغۇرلاپ كېتىدۇ. ئۇ ھېچ ئامال قىلالمىغان ئەھۋالدا قەبىلە كاتتىبېشىغا ياتلىق بولىدۇ. ئۇ توي كېچىسى سىڭگان ئۇسسۇلىنى ئويناپ يۈرەك - قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم، غەزەپ - نەپرىتىنى بايان قىلىدۇ. ئۇسسۇلنى ئويناپ كېلىپ قەبىلە كاتتىبېشىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ قولىدا پىچاقنى تۇتقان ھالدا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايدۇ. مۇشۇنچىلا ئۇزۇن داۋام قىلغان كۆرۈنۈشتە، ناجى بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايدۇ، ئۇ ئىچىدىكى ئوي - پىكرىنى پەقەت سەھنە ھەرىكىتى ۋە ھېسسىياتى بىلەنلا ئىپادىلەيدۇ. ئەمما تاماشىبىن ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنىڭ تېخى بېسىلمىغانلىقى ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان چاغدىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

ئاخىرىدا جوزىغا ئۇستۇرۇلگەندە ئۇنىڭ يۈزى يارا بولدۇ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ھاسا تاياقا تايىنىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ خاراپ بولدۇ، ۋەيران بولدۇ.

ناجى ئاقكۆڭۈل، پاك قىزدىن ۋەھشى، چۈشكۈن قىزغا ئايلاندۇ، ئاخىرى ۋەيران بولدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازى گۈزەللىكتىن سەتلىككە، ئۇنىڭ ھەرىكىتى شوخلۇقتىن سۇسلۇققا ئۆزگەردۇ. پەرىزە توغرا ۋە مول ئىچكى ھېسسىيات بىلەن ۋە ئاددى، تەبىئى ھەم چىنلىق ئاساستا سىڭگان قىزنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل ياراتقان.

پەرىزەمۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا تولغان ياش ئارتىسكا.

## «شەنكۇ بەيخۇي، خەير - خوش!»

تىياتىرخانىدىن مېھمانخانىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس قوزغالدى. ياپون تاماشىبىنلىرى تىياتىرخانا ئالدىدا قول پۇلاڭلىتىپ، توختىماي توۋلىشىپ كەتتى.

— شەنكۇ بەيخۇي، خەير - خوش!

1985 - يىلى نورۇز گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان باھاردا، ماھىنۇر، ئىرزات، مەمتىمىن قاتارلىق ئۈچ ساۋاقداش جۇڭگو ياشلار مىللىي تىياتىر - سەنئەت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتارىدا، ياپونىيە سەنئىيەن شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيىگە باردى. ئوتتۇز نەچچە كۈن ئىچىدە دوكچىڭ، بېيخەيداۋ، شەنتەي، مىگوۋۇ، دابەن، جىگدۇ، فۇش، تۇڭخالاڭ، بېيجۇجۇۋ قاتارلىق شەھەر ۋە پورتلاردا بولۇپ، ياپون خەلقىگە ئويۇن قويۇپ بەردى. ماھىنۇر ئورۇنلىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «شادىيانە»، يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «ئاررۇيۇم»، قازاقچە ناخشا «ۋەتەنگە مەدھىيە»، ياپونچە ناخشا «ساھىل ھەققىدە ناخشا»؛ ئىرزات ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا «نېمە دەيمەن يارىمنى»، «سېنى ئەسلەيمەن»، ياپونچە ناخشا «تۇچاقلاي سېنى»، «چاقچاق» لار ياپونىيىلىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بولۇپمۇ ياپونىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «كۆمانلىق قان» نىڭ ئاساسلىق ناخشىسى «رەھمەت ساڭا» ئالاھىدە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

«كۆمانلىق قان» نىڭ ۋەقەلىكىنى ئەسلەپ، شىنزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، كۇاڭفۇنىڭ ئۇنى يەنىلا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا چەكسىز ئارام بەخش ئېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بۇ ناخشىدىكى ئاجايىپ مول ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوم ۋە بوغۇقراق ئاۋازى بىلەن شۇنداقلا ئۇ ياپونلۇقلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغان ياپون خەلقىنىڭ ئادەت ھەرىكەتلىرى ۋە ھېسسىياتى بىلەن شىنزىنىڭ كۇاڭفۇغا بولغان مۇھەببىتى ھەم مىننەتدارلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ، ياپون تاماشىبىنلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى. ياپون تاماشىبىنلىرى ئۇنى ياپون ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچى تالانت ئىگىسى، جۇڭگونىڭ شەنكۇ بەيخۇيى، دېيىشتى.

دۆڭجىڭدىكى مىشىڭ مېھمانخانىسىدا، ئۇلار جۇڭيې لاڭزى بىلەن كۆرۈشتى. زىياپەتتىكى ئېسىل سەي، تاماقلار جۇڭيې لاڭزىنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىقىنى تەيزۇ

ئۇسۇلى بولدى. زىياپەت باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ زىياپەتكە قاتناشقان تەيزۇ ئارتىسىنى بىر چەتكە تارتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تەيزۇ ئۇسۇلىنى ئۆگەندى. ياپونىيە ئارتىسلىرىنىڭ بۇ كۆچلۈك كەسپچانلىقى ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش روھى ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئۇلار ئويۇن قويغان چاغدا، ياپونىيىلىك ئون ئۈچ نەپەر سەھنە خىزمەتچىسى سەھنىدە يېتىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىس - تۈتەك تارقىتىپ بەردى. ئۇلار بۇ ياپونىيىلىك سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىغا تەشەككۈر بىلدۈرگەندە، ياپونىيىلىك سەھنە خادىملىرى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: «بىز تام قوشنىلار ئەمەسمۇ؟» دېيىشتى.

دۈگچىگدا، ياپونىيىلىك ئىككى بالا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلارغا ئەگىشىپلا يۈردى. ئۇلارنىڭ قولىدا تاماق قاچىسى بولۇپ، دوغۇ، تۇزلانغان سەي، توڭلىتىلغان گۆشلەرنى ئېلىپلا يۈرەتتى. تاماق ۋاقتى بولۇشى بىلەنلا ئىككى بالا تاماق قاچىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. بىر كۈنى، ھېلىقى باللارنىڭ بىرسىنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتتى. ئۇلار بۇ بالىنى كارىۋاتقا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزدى. تەسىرلەنگەنلىكىدىن ھېلىقى بالىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

ئۇلار يېقىملىق ناخشا، شوخ ئۇسسۇل، مېھرى - شەپقىتى بىلەن ياپون خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا ياپون سەنئەتچىلىرى ۋە خەلقىدىنمۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى، جۇڭگو - ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈردى.

## يېقىملىق ياراتقۇچى سىگان قىزى

خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ دەم ئېلىش زالى تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. بىر بېلىكى ئوچۇق، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، يالىڭاياق بىر سىگان قىزى كىشىلەر ئارىسىدا خۇددى موكىدەك ئۇياق - بۇياققا قاتراپ، نومۇرلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى تارقىتىپ يۈرەتتى، پاكىستانلىق بىر يىگىت درامىنىڭ ۋەقەلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بۇ سىگان قىزى مۇزىكىلىق دراما «سىگان قىزى» دىكى ئايال باش قەھرىمان ناجى، يىگىت بولسا ئۇنىڭ سۆيگىنى نۇرى ئىدى.

قوڭغۇراق چېلىندى. ناجى، نۇرى تاماشىبىنلار بىلەن بىللە زالغا كىردى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ئىزدەۋاتقاندا ناجى بىلەن نۇرى سەھنىگە چىقتى.

ئېھ دوستۇم،

قەدىرلىك دوستۇم،
ھىندىستان ۋە پاكىستان
مۇستەقىل بولۇشقا ئاز قالغاندا
ناجى ئىسىملىك بىر سىڭگان قىزى بولغان.

ئېھ، مۇشۇ ناخشا
ئاشۇ پاك،
ئاشۇ گۈزەل،
ئاق كۆڭۈل ناجىگە بېغىشلانغان.

يېقىملىق ناخشا ساداسى ئىچىدە، ئەگەشمە نۇر سەھنىگە چۈشتى. ناجى شوخ، ئويناق سىڭگان ئۇسسۇلىنى باشلىدى.

«سىڭگان قىزى» دراممىسى مانا شۇنداق باشلاندى. ئۇ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنىڭ پەردە ئېچىش بىلەن جىمجىت باشلىنىش، ياكى بولمىسا ھەرىكەت بىلەن باشلىنىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تاماشىبىنلار بىلەن ئارتىسلارنى بىرلەشتۈرۈۋەتتى. درامما مانا مۇشۇنداق يېقىملىق ناخشا، نەپىس ئۇسسۇل بىلەن باشلىنىپ كەتتى.

«سىڭگان قىزى» دراممىسىدا، باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشقان دراماتىك توقۇنۇش يوق. دراممىدا ناجىنىڭ تەقدىرى ئاساسىي يىپ قىلىنغان، يەنى بۇ دراما ناجىنىڭ گۈزەل، شوخ، ئويناق ئۇسسۇلى بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشى، ھاسىغا تايىنىپ سىرتقا چىقىشى، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولۇشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

دراما پەردە - كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىلمىغان. بىر - بىرىگە زىچ ئۇتىشىپ كەتكەن كۆرۈنۈشلەر پەقەت چىراق نۇرى ئارقىلىقلا ئالمىشىدۇ. بىرىنچى كۆرۈنۈشتە، ناجى مەيداندا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ساقچى كېلىپ يەر بېجى تەلەپ قىلغاندا ناجى قېچىپ كېتىدۇ. چىراق ئۆچۈپلا بىزنىڭ ئالدىمىزدا سىڭگانلار ئولتۇراقلاشقان ماكان ئايان بولىدۇ. ناجىنىڭ بېقىۋالغان ئاتىسى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئۇنى قەبىلە باشلىقىغا سېتىۋېتىدۇ. ناجىدىن 30 ياش چوڭ قەبىلە باشلىقى ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. چىراغ بىر ئۆچۈپ - يېنىش بىلەن تەڭ كۆرۈنۈش تۆمۈر يول بويىدىكى دۆڭلۈككە ئالمىشىدۇ. ناجى بۇ پەردە نۇرى بىلەن تونۇشىدۇ. دراممىدا جەمئىي ئون ئۈچ قېتىم كۆرۈ-

لۇش ئالمىشەۋ، شۇ ئارقىلىق ئاچىنىڭ گۈزەل، خۇشال ھالەتتىن خاراپلىشىش، ھالاك بولۇشقا يۈزلىنىش جەريانى قايىل قىلارلىق ۋە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە يارقىن ئىپادىلىنىدۇ.

درامىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئازادە، ئېنىق، روشەن بولۇپ، قالايمىقانلىق، قىستاڭچىلىق يوق.

«سەنگان قىزى» بېيجىڭنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى شۇنداقلا ئۈرۈمچىنىمۇ زىل - زىلىگە كەلتۈردى. ئۇ مەركىزىي تىياتىر ئىنىستىتۇتىدىكى مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تىياتىر ئىسلاھاتىغا يېتەكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقى ۋە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن دوكلاد قىلىپ ئوينالغان «قانلىق يىللار»، «تارتيوف»، «قەلبى گۈزەل قىز»، «سەنگان قىزى» قاتارلىق درامىلاردا، سەنئەت جەھەتتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىلغان. بەزىلىرىدە تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، كىشىگە كۆپ خىل ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بەزىلىرىدە سىمۋول خاراكتېرلىك دېكوراتسىيە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نوقۇل چىنلىق بىلەن چەكلىنىپ قالماي، كونا قائىدىلەرگە ئانچە مۇۋاپىق كېلىپ كەتمەيدىغان، دېكوراتسىيە ئارقىلىق ئاجايىپ سەلتەنەتلىك جاھالەت دۇنياسى سۈرەتلەنگەن. شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى بىر پاجىئە ئالەمىگە باشلاپ كىرگەن. بەزىلىرىدە سەھنە مەركىزى لوۋا ئىچىگىچە كېڭەيتىلىپ، ئىككى تەرەپكە پەلەمپەي ئورنىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىدە سەھنە بىلەن تۆۋەن بىر گەۋدىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

تۆت يىل، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكلا قىسقا ۋاقىت. ئەمما شىنجاڭ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلاردىكى ئۆزگىرىش بولسا دېڭىزنىڭ ئۈجمىزارغا ئايلانغىنىدەك بىر چوڭ ئىش. ساۋاقداشلار ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ياراملىق ئادەمگە ئايلاندى. ئەمما مۇئەللىملەر ئەينى يىللاردىكى قەددى - قامىتىنى يوقاتتى. ئەينى يىللاردىكى سەھرا قىزى گۈزەلنۇرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە چاچلىرى يەلكىلىرىگە بوستاندەك يېيىلغان، ئۇ ئەمدى قىزغۇچ زەررەڭ گىرىپىشىن كۆڭلەك كىيىپ، تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئارتىس بولۇپ قالدى. ئەمما، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالغان شۈي جوڭجۈەن مۇئەللىمنىڭ بولسا يۈزلىرىدىكى قىزىللىق يوقالدى. چېكىلىرىگە ئاق سانچىلدى، چاچلىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

كىشىلەر، مۇئەللىم گويا شام، ئۇ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ باشقىلارغا يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ، دېيىشىدۇ. شۇنداق، مەركىزىي تىياتىر ئىنىستىتۇتىدىكى مۇئەللىملەر ئۆز ھاياتىدىكى ئىسسىقلىق ۋە نۇرى بىلەن شىنجاڭ مىللىي سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت يولىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇلارغا سەنئەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خەنزۇچىدىن مەخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

# يېڭى باشلىنىش يېڭى ئۇسۇش

— مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇنلىغان «قانلىق يىللار» دىرامىسىنى كۆرگەندە

**ياۋ چېڭشۈن**

بىز تىياتىرخانىغا كىرگىنىمىزدە ئويۇن تېخى باشلانمىغان بولۇپ، سەھنە پەردىسى ئاللىقاچان ئېچىلغانىكەن، سەھنىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر قانچە كۆچمە سۇپا ۋە كەڭ - تارلىقى ئوخشاش بولمىغان يېپەك پەردىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر خۇددى بىر پارچە رەڭگى ئۇتتۇق چاتما رەسىمگە ئوخشايتتى. سەھنىدە بىردىنلا گويا قان بىلەن يېزىلغاندەك «قانلىق يىللار» دېگەن سۆزلەر نامايەن بولدى. مانا بۇ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى ئاكتيورلۇق فاكۇلتېتى 82 - يىللىق شىنجاڭ مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن ئورۇنلىغان تۇنجى قېتىملىق دوكلاد ئويۇنى ئىدى. مانا بۇ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆپچىلىككە قانداقتۇر، دۆلىتىمىز تىياتىر ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىشقا قەدەم قويغۇچى ئەزىمەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە چۈشەنچىسى، ئۇسلۇبى، ئىستىكى ۋە ئىجادكارلىق روھى بويىچە تەييارلىغان بۇ دىرامىنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىكى خۇددى مۆرەككەپ ھېكايە، داستانلاردىكىدەك غايەت ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەر بىزنى جەلپ قىلدى ۋە تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەسەرنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە بەدىئىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشتا، يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تىياتىر سەھنىسىگە ئېلىپ كەلگەن بۇ يېڭىچە ئۇسلۇبلىرى بىزنى تولىمۇ ھاياجانغا سالدى.

بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھېچقانداق بىر تۈز يول يوق. پەقەت مۈشكۈل يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالىغان كىشىلا ئاندىن يۈكسەك پەللىگە چىقالايدۇ. ئۇلار تېما تاللاشنىڭ قىيىنلىقىدىن ئۆزلىرىنى تارتمىغان. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار» دىرامىسى 1981 -

يىلى ئېلان قىلىنغان («شىنجاڭ سەنئىتى» 81 - يىل 3 - سانىغا قارالسۇن) ئىدى. ئاپتور تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىكى ئىشانلار مەزھىپىنىڭ يىرگىنچلىك رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ، ئۇنى قاتتىق قامچىلايدۇ، ئاپتور ئىشانلاردىن ئىبارەت دىنى مەزھەپ ئازاتلىقتىن كېيىن، يېڭىلىقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىختا ھەددى - ھېسابسىز بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ھەمدە ھازىرقى رېئال تۇرمۇشتىمۇ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تەسىرى تېخىچە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇ تارىخنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ ئەينى زاماندىكى يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قوزغىغان ۋەھشىيانە دىنىي ماجرالاردىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەقەنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇجەسسەملەشتۈرۈپ سەھنىدە قايتا نامايەن قىلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت دىنىنىڭ تەسىرىدىن بىخۇدلاشقان خەلقلەرنى ئويغىتىشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاپتورنىڭ جامائەت ئىچىدىن «نازۇك تېما» دەپ ھېسابلىنغان مۇشۇنداق زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقى ئۇنىڭ نەقەدەر پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر مىللەتنىڭ تارىخى، دىنىي، ئۆرپ - ئادىتى، ھېسسىياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان سەھنە ئەسىرىنىڭ ستېرېئوتىپلاشتۇرۇلغان ھالدا سەھنىلەشتۈرۈلۈشى ھەمدە ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېرىشىشى ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ ئەسەرنى سەھنىلەشتۈرۈشكە تاللىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭمۇ سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە ئوخشاشلا دادىل، ھەم پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىكەللىشىمىزچە، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن تەييارلايدىغان سەھنە ئەسەرلىرىگە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش كېرەك، دېگەن ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ، جەمئىي 11 پارچە سەھنە ئەسىرىنى تاللاش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. تاللىنىدىغان ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب رايونى ۋە ئىسلام دۇنياسى بويىچە تەسىرى بىر قەدەر چوڭراق بولغان بولۇشى لازىم ئىكەن. ئۇلار «قانلىق يىللار» دىرامىسىنى تەييارلىغاندا، «مىللىي سەنئەت تەلىم - تەربىيە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى، پسىخىكىسى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ۋە ئۇنى سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈش» كە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان. مانا مۇشۇنداق يىراقنى كۆرەرلىك دانا پىكىر ۋە يېتەكچى ئىدىيە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالغان. ئۇلار رېپېتىتسىيە جەريانىدا ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان، ئۇلار ئەسلىدىكى سەھنە ئەسىرىنى رېپېتىتسىيە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەسلى ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە مۇھىت، قۇرۇلما، ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارنى ساقلاپ قېلىپ، ئاندىن ئۆزلىرى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتكەن قۇرۇلما ۋە پېرسوناژلارنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇ سەھنە ئەسىرىنى ئۆزگەرتىش كۆرۈۋپپەسەندىكىلەر بىلەن مىللىي سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ

بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان قىزغىن مۇزاكىرىسى پۈتۈن فاكۇلتېتنى ھەتتا مەكتەپ رەھبەرلىرىنىمۇ جەلپ قىلغان، ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ بۇ سەھنە ئەسىرىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ئۇنى ئۆزگەرتىپ چىقىشقا ئاساس ياراتقان. مانا مۇشۇنداق قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق سەھنە ئەسىرى ستېرېئولاشتۇرۇلغان سەھنىدە يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن: بۇ ئەسەر ئۈستىدە مانا مۇشۇنداق جىددىي، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىرى داستان قۇرۇلمىسى شەكلىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا دىنىي مەزھەپلەر ماجىراسى سۇسلاشتۇرۇلۇپ، بىر - بىرىگە قارشى بولغان بىر نەچچە تەرەپنىڭ كۈرىشى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ كۈرىشىگە ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. شۇ ئارقىلىق دىنىي ماجىرالارنىڭ تۈپ ماھىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىنىپ، بەزىبىر پېرسوناژلار ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا تېخىمۇ ئۇڭايلىق تۇغدۇرۇلغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن توقۇنۇشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا قاناتيايدۇرۇلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر تېخىمۇ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن ھالدا گەۋدىلەنگەن، ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان خانىم پاشا ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلغۇچى بىر تۇغقان سىڭلىسى پاقلاندۇ خېنىمغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنى قايناۋاتقان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاتاغلىق شائىر زەلىلى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى خاراب قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىش يولىدا زوراۋانلىققا قارشى بىۋاسىتە كۈرەش قىلىدۇ. نۇرىمان ۋە خانىم پاشانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قول ئۈزگەن ئۇنىڭ نەۋرىسى شىرمەتخانلارمۇ تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىدۇ؛ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تەقەززا بولۇپ كەلگەن خوجامەھدى ئاقباش ئىشاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن تەختكە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى يەنىلا خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەت سىمۋولى بولغان خەنجىرىمۇ سوپى ھەيدەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شەخسىي مەنپەئەت يۈزىسىدىن زىددىيەت ئىچىدە قالغان غوجامەھدىنىڭ ئايالى مەلىكە ۋە جادىگەر ئايال قاتارلىقلارمۇ تىياتىر توقۇنۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە تۈرتكۈلۈك رول ئوينايدۇ. بۇ خىل ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن توقۇنۇشلار تىياتىردا ناھايىتى گەۋدىلىك، ئېنىق ۋە جۇشقۇنلۇق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەسلى ئەسەردىكى ئانچە مۇھىم بولمىغان بەزى سەھنىلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئاساسلىق لىنىيىسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئايرىم پېرسوناژلار بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، كۆپەيتىلگەن ياكى چىقىرۋېتىلگەن. مەسىلەن، شائىر زەلىلى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە سەپكە ئاتلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەچكە، بۇ پېرسوناژنىڭ ئوبرازى خېلى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مىرزا بىلەن شەيخ بىرلا پېرسوناژ قىلىپ يۇغۇرۇلغان. خان ئوردىسىدىكى تېۋىپ قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى چىقىرىپ تاشلىنىپ، پېرسوناژلار تېخىمۇ ئىخچاملاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى جەھەتتە زۆرۈر

بولغان تەڭشەشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەسى ئومۇمەن تىياتىرنىڭ كولمىناتسىيە نوقتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا بۇلار تراگېدىيىلىك ئامىللارنى ئىپادىلەشكە ۋە تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان. پەردە ئاستا - ئاستا چۈشۈشكە باشلايدۇ، سەھنە سانجاق - سانجاق جەسەتلەر بىلەن تولغان. سەھنىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى قانغا مىلىنىپ ياتقان كۆرۈنۈش ئىچىدە يېگانە قالغان زەلىلى: «ئى خۇدا! بۇ زۇلمەتنىڭ چېكى نەدە؟! قانلىق يىللار قاچان تۈگەيدۇ؟!» دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلغاندا، بىز قانداقمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالايمىز؟ ئەشۇنداق ئىستىبدات ھاكىمىيەت، ئەكسىيەتچى دىنىي جىنايەتلەردىن قانداقمۇ نەپرەتلەنمەي تۇرالايمىز؟ سەھنە ئەسىردىن سەھنىلەشتۈرۈشكىچە بولغان بۇ جەريان ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك قايتا ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەھنىدە ئوينالغىنى بىلەن ئەسەرنى سېلىشتۇرغاندا، مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئورتاق تىرىشچانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، بەدىئىي قۇرۇلما — سەھنىدىكى ھەرىكەت، ۋاقىت، بوشلۇقنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغان يېڭى ئىزدىنىشلىرىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

بۇ تىياتىرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوقۇل تىياتىر شەكلىدىكى قۇرۇلمىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، داستان ۋە رىۋايەت شەكلىلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك كارتىنا پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىئالوگلاردىن باشقا مونولوگ، مۇزىكا، سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز، ئوبراز، ئۇسسۇل (ساما ئۇسسۇلى) ۋە بوشلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈشتەك كىنو ۋاستىلىرىدىنمۇ (نۇرىماننىڭ خىيالى تۇيغۇسى ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشى) كەڭ پايدىلىنىلغان. بۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن مۇھىمى ئوبرازلارنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتىكى خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەلىك چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. ھەممە ئۇلارنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى تېخىمۇ كۈچلۈك يورۇتۇلغان.

داستان شەكلىدىكى دراممىلاردا ئىچكى قۇرۇلمىلار بىلەن ئۇنىڭ تاشقى شەكلى بىرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا كۆپ لېنىيە، كۆپ پېرسوناژ ۋە كۆپ ئۆزگىرىشلىك كۆرۈنۈش (دېكوراتسىيە) بولۇپ، سەھنىدىكى ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتە ئانچە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. «قانلىق يىللار» دراممىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە دېكوراتسىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇشۇ پرىنسىپقا باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تۆت تەرەپتىكى تاملار ئېلىپ تاشلىنىپ، بىر نەچچە يىپەك پەردە ۋە سۇپا ئارقىلىق سەھنىنى ئازراقلا ئۆزگەرتىلىپ، تىياتىر ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان سەھنە مەنزىرىسىنى يارىتىپ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىت ۋە بوشلۇق ئىچىدە

چەكلىنىپ قالمىغان. دېمەك، شەكىل بىلەن مەزمۇن ئىخچام زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن گەسەر ئۇسلۇب جەھەتتە ئالاھىدە بىرلىككە ئىگە قىلىنغان. ئارتىسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ خىل مەنزىرە قۇرۇلمىسى ئۇلارنىڭ تولۇق ماھارەت كۆرسىتىشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تايانغان ھالدا، ئىچكى ھېسسىياتىنى تارتىپ تاشقى قىياپەتكىچە ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق ئىپادىلەشكە مەجبۇرلاپ، پۈتكۈل تىياتىرنى ئىخچام بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، تاماشىبىنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۆت تام ئېلىۋېتىلگەندە سەھنە مۇھىتى كېڭىيىپ، تاماشىبىنلار بىلەن ئارتىسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىخچام بىۋاسىتە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇھىتنىڭ چىنلىقىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى تاماشىبىنلاردا يېقىنلىق تۇيغۇسىنى ئىخچام ئاشۇرىدۇ. «قانلىق يىللار» نىڭ لايىھىلىنىشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭدىكى تۆت تام چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، سەھنە ئوتتۇرىسىدىكى سۇپا مەركەز قىلىنىپ، تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتى ھەر تەرەپكە جەلپ قىلىنغان. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىك ۋە يان تەرەپتىكى پەردىلەر ھەممە تاماشىبىنلارغا ئۇدۇل تۇرغان دېكوراتسىيە رايونى ئارتىسلارنىڭ بەھوزۇر كىرىپ - چىقىدىغان يولىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ تاماشىبىنلارغا ئەڭ يېقىن بولغان، مۇزىكا لوژىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سۇپا ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە سوزۇلغان پەلەمپەي تاماشىبىنلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان كۆۋرۈككە ئايلىنىپ، ئۇ تاماشىبىنلارغا ناھايىتى چوڭقۇرلۇق تۇيغۇ بەرگەن. ۋەقەلىكنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ «كۆۋرۈك» ئۆز رولىنى بارغانسېرى تولۇق جارى قىلدۇ. پاقلاندۇ خانىم ئۆلۈمگە بۇيرۇلغاندا جاللاتلارنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ، پەلەمپەيدىن ئاستا ئېلىپ چۈشۈرۈپ كېتىشى كىشىگە گويا پاقلاندۇ خانىمنى تۈرمىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ. نۇرىمانىنىڭ تاماشىبىنلارغا قاراپ يىغلىغان ھالدا پاقلاندۇ خانىم بىلەن خوشلىشىشى تاماشىبىنلارغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. سامى ئۇسۇلى ئويناپ پەلەمپەيدىن بىر - بىرلەپ ئۆرلەپ سەھنىگە چىقىۋاتقان كۆرۈنۈش خۇددى قاراڭغۇدا نەزمىگە چۈشكەن بىر توپ ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپ دەھشەتلىك سوقۇشۇۋاتقان ۋە بىر - بىرىنى قىرىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردە سۇپا، سەھنە، پەلەمپەيدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قاتلام مۇھىت ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ. تەكشىلىكتىن ستېرېئولۇقچە كېڭەيتىلگەن بۇ بوشلۇق بىزنى بىپايان قۇملۇقنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. مۇنداق مىساللارغا يەنە مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ كۇپايە قىلار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېژىسسور بىلەن ئارتىسلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىدىن تارتىپ تاشقى ئىپادىلەش شەكلىگىچە جىددىي، ئەستايىدىل بولۇپ، زور شىجائەت بىلەن ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتى 82 - يىللىق شىنجاڭ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن تەييارلىغان ئويۇنى قويۇلۇپ بولدى. ئۇلار «قانلىق يىللار» دراممىسىدىن باشقا يەنە چەت ئەلنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك تىياتىرى «تارتيۇف» (ساختىپەز)، مۇزىكىلىق دراما «سىگان قىزى» شۇنىڭدەك خەنزۇ ئوپېراسى «قەلبى گۈزەل

قىز» قاتارلىقلارنى سەھنىدە ئورۇنلاپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ بىر قانچە ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن تىياتىرلار شۈبھىسىزكى، ساۋاقداشلارنى ئىنتايىن ئەتراپلىق چېنىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنىڭ «قانلىق يىللار» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشىدە تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مۇددىئا بار ئىكەن، دەپ ھېس قىلدىم. يەنى ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق مىللىي تىياتىرلارنى قايسى ئاساستا راۋاجلاندۇرۇش ۋە قانداق ئىجاد قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە كېلىپ بۇ ئەمەلىيەتنى دەل مىللىي سىنىپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرى ئىشقا ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر مائارىپىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىنجاڭ مىللىي تىياتىرى مول مەزمۇنغا، خىلمۇ-خىل تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۇنيا مىقياسىدىكى تىياتىرلار يەنى چەتئەل ۋە جۇڭگو تىياتىرلىرى، مىللىي تىياتىرلار ۋە رېئال ياكى تارىخىي تىياتىرلار چوقۇم بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇددى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دا ئېيتىلغاندەك «ئۆتكەندىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تەمىنلەش ۋە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قامال قىلىۋېلىش ھالىتىنىڭ ئورنىنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەر جەھەتلەردىن ئۆز ئارا باردى كەلدىسى ۋە بىر - بىرىگە بولغان تەقەززالىقى ئىگەللەيدۇ. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شۇنداق بولىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.» بىز شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان پەيتتە يېڭىچە ئۇسلۇب بويىچە تەييارلانغان تارىخىي دراما «قانلىق يىللار» نىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تىياتىر سەھنىسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر خىل يېڭى تۈس بېغىشلىغۇسى. يۇقىرىقى تۆت تىياتىرنىڭ ئەمەلىيىتى مىللىي تىياتىرلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىقلا بولىدىكەن، مەيلى، ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ، قانداق شەكىلدىكىسى بولۇشۇن تامامەن «ئۆزىمىز» ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭمۇ ئۇنى تامامەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جانلىق ئىسپاتلىدى. بەزى ماقالىلاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە «قانلىق يىللار» دراممىسىنىڭ ئاپتورى تۇرسۇن يۇنۇس ئىزچىل ھالدا «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىياتىرى باشقا ئەللەرنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەر سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بۇرۇنقى كونا تىياتىر ئاساسىدىلا ياماقچىلىق قىلىپ يۈرۈۋەرمەسلىك كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇيغۇر تىياتىرى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوقۇم تەسىر يېتىدۇ» دەپ قارايدىكەن. مېنىڭچە ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ يېڭى ئۇسلۇب ۋە يېڭى قىياپەت بىلەن سەھنىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرگەندە چوقۇم چىن قەلبىدىن خۇشال بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىمۇ ئاپتورغا ئوخشاش مىللىي تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ بۇ بىر يېڭى بۇرۇلۇش ۋە يېڭى باشلىنىشتىن چەزمەن

خۇرسەن بولىدۇ. ھەممە مىللىي تىياتىرنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇلىشىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. مەن مەزكۇر تىياتىر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى قايسى ئاساستا سەھنىلەشتۈرمەكچى بولغانلىق مۇددىئاسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىياتىر رېژىسسورى يەنى مۇشۇ سىنىپنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى يولداش شۈي جۈڭچۈەن بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن، مەن مىللىي تىياتىرلارنى مۇشۇ خىل يېڭىچە ئۇسلۇب بويىچە تەييارلاشنىڭ ئۆزى مەيلى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى مىللىي ساۋاقداشلارغا نىسبەتەن بولسۇن ئومۇمەن بىر قېيىن دەرسلىك بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇ كۆپچىلىكتىن تىل، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، پىسخولوگىيە جەھەتتە ۋە خىسسىياتنى يېتىلدۈرۈش ھەم ئۇنى بارغانسېرى كۈچلۈك ئۇرغۇتۇش جەھەتتە غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئوبراز يارىتىشتا بىر ئاددىي قول ئىشارىتى بىلەنمۇ قايناق خىسسىياتنى قوزغاپ، ئۇنى سىرتقى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىلىسى مىللىي خىسسىيات ۋە مىللىي ئاڭنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، مىللىي سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بۇ يېڭى شەكىللەرنى بىر قەدەر تېز قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاستا - ئاستا تەشەببۇسكارلىقتا ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆز تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. مەن بۇلارنى نوقۇل ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىيورلۇق ماھارىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تىياتىر كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، دەپ تونۇيمەن. تىياتىر كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ساۋاقداشلارنى مىللىي تىياتىرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەررەرلىكى شۇنىڭدەك سىرتقى شەكىلنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى ھەققىدە يېڭى تەسىرات ۋە تونۇشقا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىن شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇشۇ بىپايان سەنئەت گۈلزارىدا مىللىي تىياتىر بويىچە ھارماي - تالماستىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئۇنى ئۈزلۈكسىز تۈردە راۋاجلاندۇرۇشلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن. رېژىسسور شۈي جۈڭچۈەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئېغىز گېپى مېنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەقەت توختام سۇغا كىچىككىنە بىر تال رەڭلىك تاشنى تاشلاش ئارزۇسىدا بولدۇق. ئۇنىڭ سۇ يۈزىدىن بىر قانچە ھالقىسمان دولقۇن پەيدا قىلىشىنى شۇنىڭ بىلەن، سۇنىڭ بىر ئاز يېڭى رەڭگە كىرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. بىز قايتىپ كېتىمىز، تەربىيىلەنگەن ساۋاقداشلار بۇ يەردە قالىدۇ، بىز بۇ يەردىكى تىياتىر ئىنستىتۇتىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىنى، مىللىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىدىن ھارماي - تالماستىن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىشىنى، يېڭى ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش يولىغا ئاتلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

خەنزۇچىدىن ئابلىز مۇسا تەرجىمىسى

# مەكتەپ قىزى گۈزەلنۇر

يالا شياۋفېن



تـۆت يىل ئـاۋالقى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بېيجىڭ ۋوكزالىدا مـەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى شىنجاڭدىن كـەلگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قىزغىن قـارشى ئالدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكنىڭ ئاستىدىن كەڭ پۇشقاقلىق ئۇزۇن ئىشتىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان، تەقى - تۇرقىدىن يېزا قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرغان تارتىنچاق مەكتەپلىك قىز — گـۈزەلنۇرمۇ بـار ئىدى. مەكتەپتىن بېيجىڭگىچە بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق بۇ ئۇزۇن سەپەر، تېخى شۇ چـاققىچە ئـۆيدىن ئايرىلىپ بـاقمىغان ئـون يـەتتە يـاشلىق قىز ئۈچۈن غـايـەت مۈشكـۈل ئىش ئىدى. كـىنو تـاماشىبىنلىرىغا تونۇش بولغان «ھارۋىلار ئۆتتۈشمەكتە» ناملىق فىلمىدە ماداچېنىڭ رولىنى ئورۇنلىغان شۈي جۈگچۈەن مۇئەللىم بۇ سەھرا قىزىدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندا، ئۇ پەقەت ئارقا-ئارقىدىن باش لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بەرگەنىدى. ھەتتا شۈي جۈگچۈەن مۇئەللىم: «بىرەر نـەرسىڭىز پويىزدا قالمىغاندۇ؟» دەپ سورىغاندىمۇ ئۇ يەنىلا «ھـە...» دەپ باش لىڭشىتقانىدى. ئوقۇتقۇچىلار بۇ گۈدەك بالىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى زىممىسىگە چۈشىدىغان يۈكنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى.

«مەن ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىدىم، ئوقۇتقۇچىلار پەقەت مېنىڭ سىرتقى قىياپىتىمنى كۆرۈپلا تاللىمىغانىدى». مانا ئەمدى بولسا گۈزەلنۇر يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن، ئاپئاق يوپكا كىيگەن بىر زىبا بويلۇق قىز بولۇپ قالدى. بەلكى كۆزى ئۆتكۈر ئوقۇتقۇچىلار ئەينى ۋاقىتتا ئون بەش ياشلىق، ئورۇقىنا كەلگەن بۇ قىزنىڭ سىرتىدىن كۆرۈپلا، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يىگورىسى قاملاشقان قامەتلىك قىز بولۇپ يېتىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن بولغىيدى ۋە بەلكى ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىمتىھاندا ئوقۇغان «مۇدەنخان» ناخشىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەن بويغىيدى. شۈي جۈگچۈەن مۇئەللىمنىڭ كىنو تاماشىبىنلىرىغا تونۇش ھېلىقى كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى ئۇنىڭ ناخشىنى تەسىرلىك ئېيتىشىغا مەدەت بولغانىدى.

تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بۇ مەكتىلىك قىز ئاخىرى مۇقەددەس سەنئەت قەسىرىگە مەزمۇت قەدەم تاشلىدى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىدىن بىر ئاي كېيىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچە بىلىدىغان ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ كونسپېكتلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۈچ سەرپ قىلدى. بۇ زېرەك قىزمۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر تەرەپتىن خەنزۇچە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكتىيورلۇق دەرسىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، ھەتتا چارچاشتىن كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. گەرچە ئۇ، تۇنجى قېتىم ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، جىددىيچىلىكتە ئائىلىسىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدى. پەقەت دەم ئېلىش كۈنلىرىدىلا ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، ئازراق كۆز يېشى قىلاتتى-يۇ، يەنىلا كەسىپ ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كېتەتتى. تۆت يىل ئىچىدە گۈزەلنۇر ھەر خىل تىپتىكى روللارنى ئىجرا قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدى، مەيلى قىزلارنىڭ رولى ياكى مومايلارنىڭ رولى بولسۇن ۋە مەيلى ئىجابىي رول ياكى سەلبىي روللار بولسۇن، ھەممىسىنى ئوخشاشلا ئىنتايىن تىرىشچانلىق بىلەن ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى «جەن ئەي» فىلىمىدىن ئېلىنغان 18 مىنۇتلۇق بىر پارچە بولۇپ، ئۇ بۇ ئوبرازنى ياخشى يارىتىش ئۈچۈن، خەنزۇچە سېنارىيىنى لۇغەت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ سېنارىيىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، جەن ئەينىڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىياتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىنىپ، رولنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. ئىككىنچى يىللىق مەزگىلىدىكى دوكلات ئويۇنىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسى ئۇنىڭ يۇرتىدا قويۇلغاندا، گۈزەلنۇرنىڭ مەكتەپ ناھىيەلىك سوتتا ئىشلەيدىغان دادىسى ئۇنى كۆرۈپ، چىرايىدا ئىپتىخارلىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. گۈزەلنۇر مەكتەپتىكى ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئاددىي ھويلىسىنى ئۇنتۇتمىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا گۈگشېنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان دادىسى قاقاسلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھويلىغا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما دەرىخى تىككەنىدى. يەنە تۆت تۈپ ئۈجمە دەرىخىمۇ بار بولۇپ، ماي ئېيى كىرىش بىلەنلا ھويلا ئىچى ئاق ئۈنچىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈجمىلەر بىلەن تولاتتى. گۈزەلنۇر كۆدەكلىكتە قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا شۇ ئۈجمە سايىسىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى. دادىسى بولسا لىگەننى داپ ئورنىدا چېلىپ بېرەتتى. دادىسىنىڭ ھېلىقى دۇتارىمۇ ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە ھەمراھ بولغانىدى.

ئوقۇشنىڭ 4 - يىللىقىدا ئۇلار تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرىنى يۇرتىدىكى خەلقلەرگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن جىددىي ھازىرلىق كۆردى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار يىگىرمە نەچچە كۈنگىچە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «قانلىق يىللار» دramasىنى تەييارلاپ چىقتى. گۈزەلنۇر ئۆزىگە بېرىلگەن نۇرىمانىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىش يولىدا كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قازانغان نەتىجىسىگە زادىلا قانائەتلەنمىدى. «شىنجاڭ مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زورراق تۆھپە قوشۇش كېرەك!» مانا بۇ، ئۇنىڭ چىن ئىرادىسى ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ يەنىمۇ نەچچە ھەسسىلەپ قاتتىق تىرى-

شىپ، ئاخىرى ئۆرىمان ئوبرازىنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ياراتتى. گۈزەلنۇر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىختىساسلىق سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تېخى تولۇق يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى ئۆگىنىپ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويدى.

— ئەگەر نەتىجە چىقىرالمىسام مۇئەللىمگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن! — دېدى گۈزەلنۇر مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلەپ. — ئانا بالىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك، بىزمۇ تۆت يىل جەريانىدا ئۇستازلىرىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياشىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. جۇ چىشۈن مۇئەللىمنى ئالساق، بىز مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا تېخى قىران يىگىت ئىدى، لېكىن تۆت يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ چېكىسىدىكى ئاق چاچ بارغانسېرى ئاۋۇدى ... ليۇجىلۇڭ مۇئەللىمنىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىدى، بەزىدە بىز ئۇنى خاپا قىلىپ قويغىنىمىزدا يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتۇق...ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە ئۆز ئاتا - ئانىمىزدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدى، ھەتتا ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ بىز بىلەن بىللە بولدى، بايرام كۈنلىرى مۇئەللىملەر بىزنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ جۇۋاۋا ئېتىپ بېرەتتى، ئاغرىپ قالساق ئۇلار بىزنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر نەچچە ئايلا قالغان مەزگىلدە، بېيجىڭ شەھىرى قاتتىق ئىسسىپ كەتتى، بىز ھەر كۈنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا تاكى كېچە سائەت ئىككى-ئۈچلەرگىچە رېپېتىتسىيە قىلاتتۇق؛ ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىز بىلەن بىللە بولاتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە بىزدىن بۇرۇن رېپېتىتسىيەخانىغا يېتىپ كېلەتتى. بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ شەھلانە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىزلا ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

ئوقۇتقۇچىلار گۈزەلنۇرنىڭ «مۇدەرنخان» ناخشىسىنى ئەمدى ئاڭلىيالماسلىقى مۇمكىن. بىراق بۇ قەدىردان ئۇستازلار گۈزەلنۇر ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە ئۈچ نەپەر ساۋاقداشلىرىنىڭ شىنجاڭ مىللىي تىياتىر سەنئىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، بۇ ياش بۇغۇنلاردىن چەكسىز ئىپتىخارلانغانىدى.

خەنزۇچىدىن ئابلىز مۇسا تەرجىمىسى

(بېشى 120 بەتتە)

ئۆتكەن قۇسان دېگەن كىشى بىر سوتكا دومبىرا چالسىمۇ، بىر كۈيىنى ئىككىنچىلەپ تەكرار چالمايدىغان داڭلىق دومبىرىچى: ئەمما شۇ دومبىرىچىمۇ: «كاۋۇلەنباي خەلق كۈيلىرىنى مەندىن كۆپ بىلىدۇ يەنە كېلىپ كۈيىنى تولۇق، توغرا، سۆزۈك چالىدۇ» — دەپ ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ باھاسىدىنلا كاۋۇلەنباينىڭ بىلىدىغان كۈيلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئەپسۇسكى، بىز كاۋۇلەنباي بىلىدىغان خەلق كۈيلىرىنى بۇرۇنراق نوتىغا ئېلىۋالالمىدۇق. بۇ خەلق كۈيلىرىنى ئاساس قىلغان مۇزىكا فولكلورى خىزمىتىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ئاچچىق ساۋاق. مەرھۇم كاۋۇلەنباي يۇسۇپنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!



# ناغرا توغرىسىدا

**پەتتارجان ئابدۇللا**

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ، ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغان ئىجىر ۋە زېرىكىشلىك ئەمگەكلەردىكى ھارغىنلىقنى يەڭگىللىتىش ۋە روھىي ھالىتىنى ئېتىكلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن رىتىملىق ئاۋاز ۋە رىتىملىق ھەرىكەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ياغاچ، تېرە، مىتال قاتارلىق جىسىملاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ئىپتىدائىي چالغۇ سۈپىتىدە ناغرا ۋە داقا ـ دۇمباق قاتارلىق چالغۇلارنى بەرپا قىلىپ، ئىشلىتىپ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئېرىلىك چالغۇلارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ دۇمباق، جەڭ دۇمبىقى، تېلۇۋىلباز، يان دۇمباق، دالا ناغرىسى (سۇرەتمە ناغرا)، داپ، ناغرا قاتارلىقلارنى ياراتتى. ناغرا ــ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي رايونلاردا كەڭ ئومۇملىشىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىجرا قىلىش شەكلىگە ئاساسەن، يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە رىتىم ۋە ئۇدارلارنى ھاسىل قىلغان.

قەشقەر شەھىرى ئاساس قىلىنغان جەنۇبىي شىنجاڭدا چېلىنىدىغان ناغرا يەتتە خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ جۈپ ناغرا، بىر دۇمباق ۋە بىر سۇناي باشلامچىلىق بىلەن چېلىنىپ يەنە ئىككى كاناي، ئىككى داپ يانداشتۇرۇلۇپ چېلىنىدۇ. ئىجرا قىلغۇچىلار جەمئىي توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئىلى رايونى ئاساس قىلىنغان شىمالىي شىنجاڭدا چېلىنىدىغىنى يەتتە خىل چالغۇ بولۇپ بۇنىڭدا ئۈچ جۈپ ناغرا، بىر دۇمباق، بىر سۇناي، بىر كانايدىن ئىبارەت. ئىجرا قىلغۇچىلار ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

تۇرپان رايونى ئاساس قىلىنغان شەرقىي شىنجاڭدا چېلىنىدىغىنى بەش خىل چالغۇ بولۇپ، ئۇ ئىچىدە ئىككى جۈپ ناغرا، بىر دۇمباق، بىر سۇنايدىن ئىبارەت. ئىجرا قىلغۇچىلار تۆت كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ناغرا پەدىلىرى بولۇپ، ئومۇمەن «مۇقام» تاكتلىرى، سەنەم، سەلقە، داستان، مەشرەپ ۋە چۇشۇرگىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

ناغرىنىڭ «مۇقام» پەدىلىرىدىن باشقا «شىدىيانە» (جەڭگىۋار)، «شادىيانە» دېگەن پەدىلەر بولۇپ، بۇ پەدىلەر قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ۋە شىكارلاردا چېلىناتتى. «شىدىيانە» پەدىسى جەڭگە ئاتلىنىشتا ۋە شىكارلاردا چېلىناتتى. «شادىيانە» پەدىسى بولسا، جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن چېلىناتتى.

ئابلىمىت روزىنىڭ شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 81 ـ يىللىق 1 سانىدىكى «ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ دىۋان لۇغەت تۈرك ناملىق كىتابى» دېگەن ماقالىسىدا ئۇرۇش دۇمبۇقى توغرىلىق مۇنداق بىر رىۋايەتنى مىسالغا كەلتۈرگەن: «... ئارسلان تېكىن بىلەن بۇكا بۇزرەج ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، ئارسلان تېكىن 40 مىڭ كىشى بۇكا بۇزرەج 70

مىلك كىشى بولغىنى ھالدا ئىلاھى ئاللاھ بۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ سوقۇشنى كۆرگەنلەردىن

— «كاپىرلار① كۆپ بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداق قىلىپ مەغلۇپ بولدى؟» دەپ سورايدۇ. سورالغۇچى ئېيتتى:

— «بىزمۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كاپىرلاردىن: قانداق قىلىپ يېڭىلىپ قالدىڭلار؟» دەپ سورىدۇق. ئۇلار ئېيتتى:

— «ئۇرۇش دۇمباقلىرى چېلىنغاندىن كېيىن بېشىمىز ئۈستىدە يېشىل تاغلارنىڭ پۈتۈن ئۇپۇقىنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى، ھېسابسىز ئوچۇق ئىشكلەر بولۇپ، بۇ ئىشكلەردىن ئوت چېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق...سىزلەر غايىپ بولدىڭىزلەر...

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— «بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن مۆجىزىلىرىدۇر»

بۈيۈك تىلشۇناس، پەيلاسوپ ۋە مەشھۇر ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ يۇقىرىدىكى رىۋايەتلىرىدە «بۇكابۇزرەج» بىلەن «ئارسلان تېكىن» ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرنى يېڭىشىغا - جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى قارشى تەرەپنى ساراسىمىغا سېلىپ ئۇلارنىڭ روھىي چۈشكۈنلىشىشىگە سەۋەب بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

بىز بۇنىڭدىن جەڭ دۇمبىقى ۋە ناغرا، قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ئەسكىرى قوشۇننىڭ جەڭگە ئاتلىنىشتا روھىي كەيپىياتىنى قوزغاپ، ھەيۋىسىنى ئاشۇرىدىغان ئالاھىدە جەڭ قورالى بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ھازىرقى ناغرىلار ئەنە شۇ قەبىلىلەرنىڭ جەڭگە كىرىشتە، شىكارلاردا ۋە غەلىبە قىلغاندا چالغان ناغرا، دۇمباقلىرىنىڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىدىن تەرەققىي تاپقان شەكلىدۇر.



ناغرا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەت خەلقلىرىگىچە ئومۇملاشقان بولۇپ ئۇنى ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تاجىك، تۈركمەن ۋە گروزىيە، رۇس مىللەتلىرىمۇ ئىشلىتىپ كەلگەن.

«ئا. نى. دولۋانسكى» نىڭ 1955 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان مۇزىكىلار لۇغىتى دېگەن كىتابىدا، ئاندرىيوۋ دېگەن كىشىنىڭ ناغرىنى «Harapa»، «HaKpbl» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ، ئۇنى رۇس مىللىتىنىڭ قەدىمكى مىللىي مۇزىكا ئانسامبىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش جەريانىدا، ئىسلاھ قىلىپ، تەكشەپ چېلىش نۇسخىسىنى سۈرەت ① دەك قىلىپ يارىتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى ۋە بۇ خىل ناغرىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ھازىرقى تەكشەپ چېلىنىدىغان مىس دۇمباقنىڭ نۇسخىسى بارلىققا كەلگەنلىكى يېزىلغان.

چۈنكا بىلەن چېلىنىدىغان ناغرىدىن باشقا «شەرقىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى»② دېگەن كىتابتا «دالا ناغرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي چالغۇ بولۇپ ئۇ يەنە «سۈرەتمە ناغرا» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ چېلىنىش قائىدىسى ھازىر ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ شەكلى

---

① كاپىر — مۇسۇلمان دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ياپاقو خەلقى ۋە باشقىلارغا قارىتىلغان.

② شاڭخەي مۇزىكا نەشرىياتى 1957 - يىلى قايتا نەشرى 206 - بەتكە قارالسۇن.

يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل ناغرىنىڭ ئىككىسى يۈزى تېرە بىلەن كېرىلگەن بولۇپ، سېۋەتتەك توقۇلغان نەرسىگە يىپلار بىلەن تارتىلغان. ئۇنى سول قول بىلەن تۈز تۇتۇپ ئوڭ قول بىلەن سۈركەش ياكى چېكىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىلىدۇ. بۇ خىل ناغرا كۆپ ھاللاردا مۇزىكا بەزمىلىرىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ناغرىنى قول بارماقلار بىلەن چېكىپ چېلىش ئۇسۇلى، غەربىي رايوندىن تارقالغان بولۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۈسەن، قەشقەر، ئىدىقۇتلاردىكى بەزمىلەردە ئىشلىتىلگەن دالا ناغرىسىنىڭ شەكلى سۈرەت② دىكىدەك بولىدۇ.



بۇرۇن ئۇيغۇر خەلقى ناغرىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەركىلىرىدە يەنى قۇربان ھېيت، روزى ھېيت كۈنلىرى ئېگىز پەشتاقلاردا ياكى مەسچىت مۇنارلىرىدا ئولتۇرۇپ چېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ مول بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، توي - تۆكۈن، سەيلە، مەشرەپلەردە ھەتتا سەھنىلەردىمۇ چېلىنىدىغان بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېيت ۋە بايرام كۈنلىرى ناغرا چېلىنسا، كىشىلەر ھاياجانلىنىپ ئىختىيارسىز خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ. ناغرا «شادىيانە» پەدىسىگە چېلىنغاندا مىڭلىغان ئەر - ئاياللار ناغرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىپ، سورۇن تۈزۈپ ساما ئۇسسۇلىغا چۈشىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى ناغرا — باش ناغرا، ئوتتۇرا ناغرا، ئاياق ناغرا (چەت ناغرا) دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ھەر بىر جۈپ ناغرا زىل، بوم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئىلى ناغرىلىرى ئادەتتە مۇۋاپىق ئاۋاز بىرلىكىمىسىگە ئاساسەن تەڭشەپ چېلىنىدۇ. ئىلى ناغرىلىرىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتە، دۇمباقتىن باشقىلىرى ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت يۇقىرى تۆۋەن ئاۋازنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتا تېرىنى كېرىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنىدۇ.

تېرىنى كېرىشتە ناغرا تەشتەكلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى ناغرا تەشتەكلىرىنىڭ گەردىشلىرى بىر سانتىمېتىردىن ئىككى سانتىمېتىرغىچە كۆمرەڭگۈسىمان بولىدۇ. گەردىشنىڭ كۆمرەڭگۈسى ئىچىگە قانچىلىك ئۇزۇن قايرىلسا، ناغرىنىڭ ئاۋازى شۇنچە زىل ۋە كۈچلۈك سادا قايتۇرالايدۇ. ئىلى ناغرىلىرى مۇنداق تەڭشەپ چېلىنىدۇ.

ناغرىنى ئوتقا قاقلاپ تەڭشىگەندە، باش ناغرا نوتا بەلگىلىمىسى بويىچە «2» ياكى «نى» غا باراۋەرگە كەلگەن بولسا، بوم ناغرا، باش ناغرىنىڭ ئاۋازىدىن 4 گرادۇستىن 5 گرادۇسقىچە تۆۋەن بولىدۇ. ئوتتۇرا ناغرىنىڭ زىل ناغرىسى، باش ناغرىدىن يېرىم ئاۋاز تۆۋەن. ئاياق ناغرىنىڭ زىل ناغرىسى ئوتتۇرا ناغرىدىن يېرىم ئاۋاز تۆۋەن تەڭشىلىپ،

قالغان بوم ناغرىلار ئۆزگۈرۈپىلەرى بويىچە تەڭشىلىدۇ. ئەنە شۇنداق تەڭشىلىپ چېلىنغان ناغرىنىڭ ئاۋازى تەخمىنەن (سەھەردە)15 كىلومېتىر يىراقلىققا ئاڭلىنىدۇ.

ناغرا تەشتىكىنىڭ تەركىبى قارا چويۇن 40 پىرسەنت، ئاق چويۇن 40 پىرسەنت، پولات 20 پىرسەنت بولۇپ 28 - ئارلاشما چويۇندىن تەركىب تاپىدۇ.

تەشتەك يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 25 س م. ئېگىزلىكى 24 س م. تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 15س م كىرۋىكىنىڭ قېلىنلىقى 2س م بولۇپ، تۆگە تېرىسى ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا ئېشەك تېرىسىدىن كېرىلىدۇ. تۆگىنىڭ تېرىسىنىڭ سافرىسى باش ناغرىلارغا، بىقىن تەرىپى دۇمباققا ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ناغرىنىڭ قۇرۇلما شەكلىمۇ باشقا جايلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ شەكلى سۈرەت ③ دىكىدەك بولىدۇ.



ناغرا چېلىشتىن بۇرۇن سۇناي بىلەن مۇقامنىڭ كىرىش قىسمىدىن مەلۇم ئاھاڭنى چالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناغرا تەڭكەش قىلىنىپ نەغمە باشلىنىدۇ. ناغرا - سۇنايغا ئەگىشىپ باسقۇچلار بويىچە يۈتكىلىپ تۇرىدۇ. پەدە يۆتكەشتە باش ناغرىچى چېلىۋاتقان پەدىنىڭ مەلۇم ئاھاڭنى ئىككى قېتىم تەكرار چالغاندىن كېيىن، قالغانلارمۇ رىتىمنى ئۆزگەرتىپ ئىككىنچى خىل ئاھاڭنى چالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نازۇك ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىمۇ تولۇق ئىپادىلىنىپ ئوتتۇرا ۋە چەت ناغرىچىلار ئۇدارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. باش ناغرىچى بەزى نەغمىلەردە زىل ناغرىنى چوكا ئوينىتىپ چالسا، يەنە بەزىدە بوم ناغرىنىمۇ چوكا ئوينىتىپ چالىدۇ. بۇ خىل چوكا ئوينىتىپ چېلىش ئۇسلۇب يېڭى پورمىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ زىل ۋە بوم ناغرا يۈزلىكىنىڭ ئوتتۇرا، چەت، گىرۋەك قىسىملىرىغا مۇۋاپىق بېسىم بىلەن چوكا ئوينىتىپ چېلىپ ناغرىنىڭ ئاۋازىغا يېڭىچە تۈس كىرگۈزىدۇ. تەڭكەش قىلغۇچىلار ئۆز - ئارا ماسلىشىپ، بىر خىللا ئۇسۇلدا چالغاندا، ئۇنىڭ ئۇدارى مۇنداق بولىدۇ.

4/4 | ×××  ×××  ×××  △△ | △××  ×××  ×  △△ | △××  ×××  ×××  △△
△××  ××  ×  ×× |

(زىل)

△△△  △△△  △△△  ×× | △××  △△  ×× | △××  △△  △△  ×× | △××  ××
×  ×× |

(بوم ناغرا)

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردە نۇرغۇن ماھىر ناغرىچىلار ئۆتكەنىدى. مەسىلەن: ئىلى را يونىدا 200 يىل بۇرۇن راشىدىن، جەمشىت دېگەن داڭلىق ناغرىچىلار ئۆتكەن. بۇندىن 150 يىل بۇرۇن ئاۋامۇسلىم دېگەن داڭلىق ناغرىچى ئۆتكەن بۇنىڭدىن يەنە 55 يىل ئىلگىرى پالتائاخۇن ۋە ھېيت ئاخۇن دېگەن ناغرىچىلار ئۆتكەن ئۇلارنىڭ شاگىرتى بولغان ھېيت ئەيسا دېگەن كىشى تاكى 1964 - يىلغىچە ناغرا چېلىپ ئۇنى بىزگە مىراس قالدۇرغان.

شۇنىڭدەك يۈسۈپ ئاخۇن بۇرھانىدىن قاتارلىق مەشھۇر سۇنايچىلارمۇ ئۆتكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پېشقەدەم ناغرىچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن 12 خىل ناغرا پەدە-

سىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن ئىمىن ئىبراھىم ئىلى رايونىدا ئەڭ داڭلىق ناغرىچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان 12 چوڭ پەدە مۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

1. سەنەم (ياخشى كۆرگىلى)، 2 - قوش سەنەم (تېخىمۇ ياخشى كۆرگىلى)، 3 - مۇشاۋرەك (چىنىلىق، توغرىلىق)، 4 - سەيلىگاھ (دەم ئېلىش ئورنى)، 5 - كۆركەم (چىرايلىق)، 6 - يۆلەن ؛ي ناخشىسى)، 7 - سەھەر يار (سەھەردە تۇرغۇزۇش)، 8 - رۇخسارە (يۈز ياكى چىراي)، 9 - رۇخسارگۈل (يۈزى گۈلدەك)، 10 گۈلۈم (گۈلگە ئوخشىتىش، 11 - راك (ئازادلىق تىلەش)، 12 - شىدىيانە (جەڭگىۋەر) ۋە شادىيانەلەردىن ئىبارەت.

ئىمىن ئىبراھىم 44 - يىلدىن ھازىرغىچە باش ناغرىچى بولۇپ، ئۇ ھېيت ئەيسا، بارات ئاخۇن، ئوسمان شاڭيۇ دېگەن كىشىلەردىن ناغرا ئۆگەنگەن. بۇ كىشى 46 - يىلدىن باشلاپ ناغرا پەدىلىرىنىڭ تولۇق بولمىغان تەرەپلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا تولۇقلاپ «كۆركەم» ناملىق بىر چوڭ پەدىنى ئىككى يۆتكىلىشى («گۈزەليار» ۋە «يار - يار») بىلەن قوشۇپ «سەھەر يار پەدىسىگە ئويىنىتىپ چېلىشنى ھەمدە راك پەدىسىنىڭ يۆتكىلىشىنى «راك مۇقام نەغمىسىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلىغان. بۇ ناغرا تەمپىغا قوشۇلغان ئۈچ پەردە. جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇپ، 12 چوڭ پەردە 46 تارماقتىن تەركىب تېپىپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىلىدا چېلىنىۋاتقان 12 چوڭ پەردىنىڭ رىتىم - ئۇدارلىرى تۆۋەندىكىچە



| | | |
|---|---|---|
| 4 - چۆشۆرگە | 3/8 | △ × × \| × × × \| △××× \| × × × ‖ |
| 4) «سەيلىگاھ» | 4/4 | △0△△ \| × ×/( × × ×/( × \| △0△△× \| ×××××××× \| △0△△ ‖ |
| 1 - چولاق سەلىقە | 2/4 | △ ×× \| △ × ‖ |
| 2 - كىچىك سەلىقە | 2/4 | △ △× \| △ △× ‖ |
| 3 - چۆشۆرگە | 3/8 | △ × × \| × × × ‖ |
| 5) «كۆركەم» | 3/4 | △ × × \| △ · × ×× \| △ ×× × \| △ · × × ‖ |
| 1 - گۆزەليار | 3/4 | ×/( × · × △× △ \| ×/( × · × △△ × ‖ |
| 2 - يار - يار | 2/4 | △ · × △× \| △/( △ · × △△ ‖ |
| 3 - كىچىك سەلىقە | 2/4 | △ △× \| △△ △× ‖ |
| 4 - چۆشۆرگە | 3/8 | △ × × \| × × × ‖ |
| 6) «دېۋلەن» | 4/4 | △ · × ×× △× × \| △× △× × · × ‖ |
| 1 - يار - يار | 2/4 | △ · × △× \| △/( △ · × △× ‖ |
| 2 - كىچىك سەلىقە | 2/4 | △ △× \| △ △× ‖ |
| 3 - چۆشۆرگە | 3/8 | △ × × \| × × × ‖ |
| 7) «سەھەر يار» | 4/4 | × ×/( × ×/( × ×× \| △× △0△ \| ××× × ×/( × ×× \| △× △0△ ‖ |
| 1 - گۆزەليار | 3/4 | ×/( × · × △× △ \| ×/( × · × △× △ ‖ |
| 2 - مۇشاۋرەك | 4/4 | × ×/( × × ×/( × \| △△ · × 0 \| △×△0 ‖ |
| 3 - قوش سەنەم | 2/4 | △×× ×× \| ××× ×× \| △△ ×△ \| △ × ‖ |
| 4 - چولاق سەلىقە | 2/4 | △ △× \| △ × \| △△ ×× \| △ × ‖ |
| 5 - كىچىك سەلىقە | 2/4 | △ △× \| △ △× ‖ |
| 6 - چۆشۆرگە | 3/8 | △ × × \| × × × ‖ |
| 8) «دۇرۇخسار» | 2/4 | ××× △0 \| ×△ 0 \| ××× ××△ \| ×△ 0 ‖ |
| 1 - پەنجىگاھ | 3/4 | △ ×× ×× \| △× · × \| △△ ×× ×× \| △ × 0 ‖ |

2 - سەلىقە — 2/4 | △ ×× | △ × | △△ ×× | △ × ‖

3 - كىچىك سەلىقە — 2/4 | △ △× | △ △× ‖

4 - چۆشۈرگە — 3/8 | △ × × | × × × ‖

9) «روخسارەگۈل» — 4/4 | (×)× 0 (×)× △ | (×)× 0 (×)×× △△ ‖

1 - گۈليار — 5/8 | × 0 0 × △ | × 0 0 ×× △ ‖

2 پەنجىگاھ — 3/4 | △ ×× ×× | △× · × | △△ ×× ×× | △ × 0 ‖

3 - چوڭ سەلىقە — 2/4 | △ ×× | △ × | △△ ×× | △ × ‖

4 - كىچىك سەلىقە — 2/4 | △ △× | △ △× ‖

5 - چۆشۈرگە — 3/8 | △ × × | × × × ‖

10) «گۈلزۈم» — 3/4 | (△)△ 0 0 · × | △ 0 0 · × ‖

1 - پەنجىگاھ — 3/4 | △ ×× ×× | △× · × | △△ ×× ×× | △ × 0 ‖

2 - چوڭ سەلىقە — 2/4 | △ ×× | △ × | △△ ×× | △ × ‖

3 - كىچىك سەلىقە — 2/4 | △ △× | △ △× ‖

4 - چۆشۈرگە — 3/8 | △ × × | × × × ‖

11) «راك» — 3/4 | ×0 0 ×0 | × · △ × · △ 0 | ×× 0× | × · △ × · △ 0 ‖

1 - كىچىك سەلىقە — 4/4 | △0 ×0 △△ × | △ ×× △△ × ‖

2 - چوڭ سەلىقە — 5/8 | × △ × △ × | ×× △ × △ × ‖

3 - چولا — 4/4 | × · △ ×△ 0× △0 | ×0 ×0 △0 0 ‖

4 - تاكت — 3/8 | ×0×△ | ×× 0× △ ‖

5 - چۆشۈرگە — 3/8 | △ × × | × × × ‖

12) «شەمدىيان» — 4/4 | △ · × △× △× △ | × · × △× △× △ ‖

4/4 | (×)× ×× △ · × ×× | △× ×××× ×××× △× | ×××× △× △×△ △ ‖

1 - شادىيانە

$\frac{3}{8}$ | △ × × | × × × ||

2 - چۈشۈركە

يۇقىرىدا 12 چوڭ پەدىنىڭ ئودار ۋە رىتىملىرى قىسقىچە كۆرسىتىلدى. ناغرىنىڭ پەدىلىرى ئومۇمەن 3-، 4- ۋە 5- قېتىملىق يۈتكىلىش بىلەن ئاخىرلىشىپ باشلىنىشى سالماق كېيىنچە شوق ۋە قىزغىن ھالدا داۋاملىشىدۇ.

بەزى چوڭ پەدىلەر ئىككى ياكى بىر چوڭ پەدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى بەزى پەدىلەر چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: «مۇشاۋرەك» پەدىسى — «قوش سەنەم»، «سەھەر يار»، «مۇشاۋرەك»، «قوش سەنەم» پەدىلىرى بويىچە داۋاملىشىپ بەزى چوڭ پەدىلەرنىڭ يۈتكىلىشىدىكى چوڭ ھەلقە ياكى كىچىك ھەلقىلەر تەكرارلىنىپمۇ قالىدۇ.

بۇ خىل تەكرارلىنىش ئودار جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ رىتىمى ۋە نازۇك ئاھاڭلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە نارغىنلىققا ئىگە.

ناغرا چېلىش قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىردىن 45 سانتىمېتىرغىچە، تومىلۇقى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى شۇنىچە ياغاچتىن بىر جۈپ چوكا ياساپ، ئوڭ ۋە سول قولنىڭ باش بارماق، بىگىز بارمىقى بىلەن چوكىنىڭ تۆۋەن بىر قىسمىنى تۇتۇپ ئىككى بىلەكنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ناغرا ئۈستىگە سالماقلىق بىلەن ئۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز ياڭراق ھەم ئوچۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇششاق بارماقلار بىلەن چوكىنى مەھكەم سىقىپ ناغرا ئۈستىگە كۈچەپ ئۇرۇلسا ناغرا ساداسى كۈچلۈك بولمايدۇ. ئوڭ ۋە سول قولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، نامسىز بارماقلار ناغرىنى مەرغۇللىتىپ چېلىشتا چوكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئادەتتە ھېيت كۈنلىرىدە ناغرا «شادىيانە» پەدىلىرىگە چېلىنىدۇ. سەيلى كۈنلىرى بولسا «سەيلىگاھ» پەدىلىرىگە چېلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ناغرىدىن ئىبارەت بۇ رىتىملىق چالغۇ ئۆز سىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك سەنئەت سەھنىسىدىن رەسمىي ئورۇن قالدى، ناغرا بىلەن ئوينالغان بىر قانچە ئۇسسۇللار قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن سەھنىلىرىمىزگە يېڭى تۈس بېغىشلىمىدى. ناغرا بىلەن ئورۇنلىنىدىغان بىر كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك، بەش كىشىلىك ئۇسسۇللار ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللار ئىنتايىن شوخ، كۆركەم، سالماق، لەرزان ۋە نەپىسلىكى بىلەن شادلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كىشىلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇردى.

ئۇيغۇر خەلقى قىزغىن سۆيۈپ كۆرىدىغان بۇ ناغرا ئۇسسۇللىرى ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلار ئەڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان ئۇسسۇللاردىن بولۇپ قالدى.

بىز قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش روھىي بويىچە ناغرىدىن ئىبارەت، بۇ چالغۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# ياش سىنارىست — مەمتىمىن ھەزرەت

ئۆركەش ئىبراھىم



بىر كۈنى مەن يازغۇچى مەمتىمىن ھەزرەتنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئۇ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن رۇس تىلى ئۆگىنىۋاتقانىكەن. مەن بۇرۇنمۇ ئۇنى دائىم دەم ئېلىش كۈنلىرىدە جىددىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرۈپ تۇراتتىم. ئەگەر ئۇنىڭدىن قانداق ۋاقىتتا ئارام ئالىدىغانلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇ: «چارچىسام كىتاب ئوقۇيمەن، باللىرىمنى ئوينىتىمەن، دوستلىرىم بىلەن پاراڭلىشىمەن، يەنە تېخى كېچىسى بىر ئاز ئۇخلىۋالىمەن» دەپ چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بېرەتتى. ئۇ يەنە: «كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ سەل قارىماسلىق، بۇ-گۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماسلىق، بىرەر ئىشنى باشلىغان ئىكەنمەن، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە زادى تىنىم تاپماسلىق كېرەك» دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى؛ چوڭقۇر مەنالىق، ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ ئارقىلىق مەن ئۇنىڭدا كەلگۈسىگە، گۈزەللىككە ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان، ۋەتىنىم، خەلقىم دەپلا سوقۇپ تۇرىدىغان بىر ئوتلۇق يۈرەكنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم.

بىز بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىمىز جىمىپ قالدۇق. شۇ پەيتتە نەزەرىم بىردىنلا شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى يېقىندا نەشر قىلغان «نۇرنىسا» ناملىق سىنارىيەلەر توپلىمىغا ئاغدۇرۇلدى. مەن ئۇنى ئۈستەلدىن ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم - دە، بۇ توپلامنىڭ مۇئەللىپى — ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تۇنجى يولىنى ئاچقان ياش سىنارىست مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ چىرايىغا بىر خىل سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن تىكىلدىم. ئۇ نېمىنىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن نەزەرىمنى يەنە توپلامغا ئاغدۇردۇم. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بەش سىنارىيىنى ئۇ، قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە ئاجايىپ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ يېزىپ چىققانىدى. مەن توپلامغا قارىغانسېرى قەلبىمدە بىر

خەلق ئىپتىخارلىق، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئېكران يۈزىدە كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن ئاللىقاچان يۈز كۆرۈشۈپ بولغان «رەنانىڭ تويى»، «نۇرنىسا»، «قىرىنداشلار» ناملىق كىنولاردىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمىزدا قايتا نامايەن بولۇپ ۋۇجۇدۇمنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلىدى. ئىجتىھاتلىق، ئىرادىلىك يازغۇچى مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ بۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن يۈرەك قېنى، جاپالىق ئەجرى، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئەدەبىي ھاياتى كۆز ئالدىمىزدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

يازغۇچى مەمتىمىن ھەزرەت 1950 - يىلى قارىقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسىز قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى قازا تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشتا خېلى كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىدۇ. بىراق ئۇ چاغلار يېڭى جەمئىيەت بولغاچقا ھۆكۈمەت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئۆز ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملايدۇ. گەرچە ئۇ داۋاملىق ئوقۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاچىسى ئۇنى دادىسىدىن قېپقالغان ئۆيگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 13 ياشقا كىرگەن چېغىدا ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقان بولىدۇ. تاغلارغا چىقىپ ئاي - ئايلاپ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەيدۇ. ئېغىر ئەمگەك، جاپالىق تۇرمۇشتا ئىسسىق - سوغۇقنىڭ تەمىنى راسا تېتىيدۇ. ئاچىسى ئۇنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنچىۋالا جاپا - مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىدۇ ۋە ئۇنى ئوقۇتمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ئاخىرى مەمتىمىن ئاچىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇنداق بىلىم ئېلىش، ئۆگىنىش پۇرسىتى ئۇنىڭغا ئاسان كەلمىگەچكە، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن قاتتىق بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۇ «ئۆچىتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىدۇ.

ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بالايى - ئاپەت باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇمۇ ساۋاقداشلىرى ب[illegible] بىرلىكتە يېزىغا چۈشىدۇ.

شۇ چاغلاردا ئۇ تۇنجى قېتىم «نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» دېگەن رومانىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئالىدۇ. روماندىكى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بايلارنى مەسخىرە قىلىپ، كەمبەغەللەرگە مەدەت بېرىدىغان، قىزىقارلىق بەدىئىي ئوبرازى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىرىدۇ.

بۇ جەرياندا ئۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەلگۈسىدىكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول خام ماتېرىيال توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنماي ئۆزىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، جاپالىق تۇرمۇش، ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭدا جاپا - مۇشەققەتكە چىداشلىق بېرەلەيدىغان بىر خىل قەيسىرانە روھ يېتىلدۈرگەچكە، ئۇ قىلچە روھسىزلانماستىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋېرىدۇ.

ئۇ 1972 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوقۇشقا ماڭغان چېغىدا، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىنىدۇ.

يولداش مەمتىمىننىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كېلىشى بىلەن تەڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچلەندى. ئۇ بىر تەرەپتىن دەرسلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن توختاۋسىز شۇغۇللاندى. ھەمدە باشقىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەشىقلىرىگىمۇ زېرىكمەستىن قىزغىن ياردەم بەردى. ئۇ تۆت يىللىق مەكتەپ ھاياتىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، ھارماي - تالماي ئىجاد قىلىش بىلەن خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان ئېسىل خىسلىتى ۋە ئېغىر بېسىق، تەمكىن مىجەز - خۇلقى بىلەن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

يازغۇچى مەمتىمىن ھەزرەت ئەنە شۇنداق زور تىرىشچانلىقى بىلەن 70 - يىللاردىن باشلاپ تاكى 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىغىچە بولغان ئون نەچچە يىل جەريانىدا «ئۇستەڭدىكى جەڭ»، «شەپەرەڭ»، «ھۆسنىگە تولماقتا ئۆلكەم يايلىقى»، «مالچى»، «شۇجىنىڭ شادلىقى»، «ئۇستازىمغا»، «شائىر بىلەن سۆھبەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «سەندە»، «چوپان قىز»، «بەتنىيەت»، «دېھقاننىڭ كۈلكىسى»، «پۇرسەتپەرەسكە»، «ئۆكۈزگە مەدھىيە»، «بىر دوستۇمغا مەسلىھەت»، «چوكىلارنى تاشلايلى ئەمدى»، «گۈزەللىك ئۈچۈن» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى، ھەمدە «ھەسەتخورلۇق» قاتارلىق شېئىرىي چۆچەكلەرنى ئارقا - ئارقىدىن گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا؛ «سەندە» ناملىق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەمدە 1981 - يىلى ئۇنىڭ «گۈزەللىك ئۈچۈن» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى بولغان كىنو ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەنىدى.

1979 - يىلى 29 ياشلىق مەمتىمىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەت باغلىدى. بالىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل بولمىغۇر ئىللەتلەر ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ نۇقتىلىق ھالدا ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىنى كىنو ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدى. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتلاردا ئۇنى كىنوچىلىقتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان سېنارىيىلىرىنى، كىنو ئىجادىيىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى دەرسلىك قىلىپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى. قويۇلۇۋاتقان كىنولارنى كۆرۈپ ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن كىنوچىلىق ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئۇ 1930 - يىلى تۇنجى كىنو سىنارىيەسىنى يېزىپ چىقتى. لېكىن بۇ سىنارىيە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقماي قالدى. گەرچە ئۇنىڭ دەسلەپكى قەدىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىككىلىنىپ قالماستىن، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش يولىدا هارماي - تالماستىن ئۈزلۈكسىز تۈردە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

گەرچە هازىر كىشىلەر 80 - يىللارغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا تا هازىرغىچە قاتتىق مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىسى ساقلىنىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇ، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە قىلچە هۆرمەت قىلمىغانلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئېچىنارلىق ئەھۋاللارنى، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

يازغۇچى مەتتىمىن ھەزرەت ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى، ھېسداشلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىگە غەزەپلەندى، نارازى بولدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يازغان تۇنجى سىنارىيەسى «رەنانىڭ تويى» مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرى تاغ كىنو ستۇدىيىسىدە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بولمىغانلىقتىن سىنارىيىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بالىسى تەڭلا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنى داۋالىتىش ئۈچۈن جىددىي پۇل لازىم بولۇۋاتقان، تۇرمۇشتا تازا قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان ئەشۇنداق كۈنلەردە، ئەگەر سىنارىيىنى تەرجىمە قىلدۇرسا، قەلەم ھەققىنى قانداق تۆلەيدۇ؟ ئۇ كېسەل ياتقان ئايالى بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىدۇ. مەتتىمىنگە چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە قىزغىن ئىلھام ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىپ كېلىۋاتقان ئايالى قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «مەندىن غەم قىلماڭ، ئۆيدە بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى سىنارىيە ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ» دەيدۇ. بۇ سۆزدىن ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ، مۇتەئەسسىپلىك تۈپەيلى نابۇت بولغان ۋە ئەنە شۇنداق ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ئېرىنى قوللاۋاتقان قىزلار ئۈچۈن، نېمىلا بولمىسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك، دېگەن نىيەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «رەنانىڭ تويى» ناملىق سىنارىيىنى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۆزى يالغۇز 11 قېتىم، رېژىسسور بىلەن بىللە 1 قېتىم، جەمئىي 12 قېتىم ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ئۇ يېزىپ چىققان ئورىگىناللارنىڭ ئېگىزلىكى 3 چى، ئېغىرلىقى 10 نەچچە كىلوگىرامغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ، بۇ سىنارىيىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. ئۇ بىر قېتىم، جوزا ئۈستىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەسىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقىنىدا، سىرتتىن بىرسى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئايالىنىڭ ئەھۋالى چاتاق بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئۇ چاچراپ ئىشىكتىن چىقىشىغا ئايالىنىڭ ھۇشىدىن كېتىپ پەلەمپەيدىلا يىقىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىدا بالىسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ...

قانداقلا بولسۇن، ئۇ قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قا-

زاندى. 1982 - يىلى ئۇنىڭ «رەنالىڭ تويى» ناملىق كىنو سېنارىيەسى تەڭرى تاغ كىنو ستۇدىيەسى تەرىپىدىن فىلىمگە ئېلىندى. بۇ فىلىم بىر قەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان روھىي ھالىتى، مۇھەببەت كۆز قارىشى ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ سېنارىيەنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى ئاممىباب ۋە يۇمۇرلۇق بولۇپ، كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

مەتىمىننىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەمگەك مېۋىسىنى كۆرگەن رەھبەرلىك ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئۈمىد باغلاپ 1982 - يىلى ئۇنى بېيجىڭ كىنو ئىنستىتۇتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ، بۇ قىسقىغىنە بىر يىل ۋاقىتنى ئالاھىدە قەدىرلەپ ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتكۈزدى. ئۇ يىراقتا — كىنو سەنئىتىدىكى كەڭ جاھانغا نەزەر تاشلايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بېيجىڭ كىنو ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋاقتىم، مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىر ۋاقىت بولدى. مەن شۇ مەزگىللەردە بەك كۆپ ھاسىلاتقا ئىگە بولدۇم. تاھازىرغىچە شۇ ۋاقىتتىكى ئۆگىنىشىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كەلمەكتىمەن.»...

دېمەك، ئۇ شۇ چاغدىكى ئوقۇش ۋاقتىنى ئىنتايىن غەنىيمەت بىلىپ، بىر تەرەپتىن زور تىرىشچانلىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھارماي - تالماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇ ئەشۇ قىسقىغىنە بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە پارچە ھېكايە يېزىشتىن سىرت، «نۇرنىسا» ناملىق ئىككىنچى كىنو سېنارىيەسىنى يېزىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا تەقدىم قىلدى. گۈزەللىك كۈچلۈك مەدھىيىلەنگەن، سەتلىك، رەزىللىك قاتتىق قامچىلانغان بۇ سېنارىيە 1984 - يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيەسى تەرىپىدىن فىلىمگە ئېلىنىپ كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، جۇڭگو كىنو شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار: «بۇ — شىنجاڭ كىنوچىلىقىدا تۇنجى قېتىم تۇرمۇشنى ھەقىقىي، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن فىلىم» دەپ ئالقىشلىدى ۋە ئۇنى چەت ئەللەرگە چىقاردى. بۇ سېنارىيەدە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، ئەخلاقنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئورنى نۇرنىسا بىلەن سابىردىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ فىلىمنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار كۆز يېشى قىلماي تۇرالمايدۇ. بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە مۇشۇنچىۋالا زور ئىنكاس قوزغىيالىشى ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. «نۇرنىسا» فىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە فىلىمنىڭ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

يولداش مەتىمىن ھەزرەتنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىش يۈزىسىدىن يېزىپ چىققان «قېرىنداشلار» ناملىق ئۈچىنچى كىنوسى

1984 - يىلى فىلىمگە ئېلىنىپ 1985 - يىلى كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ سىنارىيەدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، ئىككى مىللەت كىشىلىرىنىڭ دوستلۇقى مەدھىيىلەنگەن. ئۇ يەنە «گۈلنارنىڭ تەقدىرى»، «ئەۋلادلار ئۈچۈن»، «كېلىن» قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرىنى يازدى. «گۈلنارنىڭ تەقدىرى» ناملىق بۇ سىنارىيە يېزا تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ۋەقەلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك، ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كېلىدۇ. بۇ سىنارىيە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ كىتابخانلىرى ئىچىدىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «ئەۋلادلار ئۈچۈن» ناملىق سىنارىيەدە، ئۇ، ياشلىق باھارىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلاۋاتقان ياش مۇئەللىمە باھارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. ئۇ يەنە «گۈلنارنىڭ تەقدىرى»، «قاچقۇن ۋە ئۇنىڭ ئايالى» قاتارلىق سىنارىيىلىرىنى تەگرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىگە تاپشۇردى.

دېمەك، ئۇمىدلىك سىنارىست مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ «نۇرنىسا» ناملىق سىنارىيىلەر توپلىمىدىكى سىنارىيىلىرى ۋە باشقا سىنارىيىلىرىنىڭ ھەممىسى مەيلى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى ۋە مول مېۋىسى. بىراق ئۇ، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇشۇنچىلا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلانمىدى. ئەكسىچە ئۇ ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن دائىم ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك چىقمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشماقتا. مانا بۇ ھەقىقىي يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر خىل ئالىيجاناب پەزىلەت.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، سەنئەتكە بولغان قىزىقىشتىكى پەرق، رېژىسسور بىلەن سىنارىيە يازغۇچىسى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ھالدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر رېژىسسور سىنارىيىنى ياخشى چۈشەنمەيدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ، يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى كىنو يازغۇچىلىرىنى ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتقان مەسىلە. يولداش مەمتىمىن ھەزرەتمۇ مۇشۇ ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە رېژىسسورلۇقنىمۇ ئۆگىنىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ ۋە بۇ ئارزۇسىنى «قېرىنداشلار» كىنوسىنىڭ رېژىسسورى يولداش يۈدىشۇغا ئېيتىدۇ. يۈدىشۇ ئۇنىڭ قەلبىنى، خاراكتېرىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭغا سەمىمىيەتلىك بىلەن قىزغىن مەدەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قېرىنداشلار» كىنوسىنى فىلىمگە ئېلىش ۋاقتىدا، مەمتىمىن بۇ كىنونىڭ مۇئاۋىن رېژىسسورى بولىدۇ. ئۇلار ئىككىسى كۈندۈزى كۆرۈنۈشلەرنى فىلىمگە ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئاخشاملىرى يۈدىشۇ مەمتىمىنگە رېژىسسورلۇق ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ رېژىسسورلۇق ئىلمى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ رېژىسسورلۇقتا بولغان ئىشتىياقى ۋە ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئۇ ھازىر كىنو ساھەسىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتلەرنى ئىگەللەش ئۈچۈن جىددىي ئىزدەنمەكتە.

يولداش مەمتىمىن ھەزرەت ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش بىلىمى، يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان ھوسۇللۇق سىنارىست ۋە ياش رېژىسسور بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇ يەنە پروزا ئىجادىيىتىدىمۇ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم» ناملىق پوۋېستى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 8 -، 9 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ كىتابخانلارنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ يەنە «كەچۈرۈم»، «توي كۈنىدە بۇدرە قىلىنغان چاچ»، «ياخشىمۇ سىز» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ۋە شېئىرلىرى ئىچىدە ساتىرىك خاراكتېرىنى ئالغانلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. «ئۇزۇتۇش» ناملىق دراممىسى «ئاممىۋىي مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى، ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازدى. چەت ئەل ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلدى.

شۇنىسى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يولداش مەمتىمىن ھەزرەت تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگەللەش، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاچقان رۇس تىلى ئۆگىنىش سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ قىسقىغىنە ئالتە ئايلىق ئوقۇش جەريانىدا، ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى ئالتۇندەك قەدىرلەپ، ھەتتا بەزىدە دەم ئېلىش، ئۇيقۇ، تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ ئاجايىپ زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى ھەمدە ئەشۇ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا رۇسچە كىتابلارنى ئوقۇپ پايدىلىنالايدىغان ۋە تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، كىشىلەرنى ئاڭ قالدۇردى.

يازغۇچى مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئەجرى يەردە قالمىدى. تەشكىلمۇ ئۇنىڭغا زور ئىشەنچە باغلاپ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردى.

ئۇ بۇ يىل 7 - ئايدا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ كارلوۋىي ۋارى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 25 - نۆۋەتلىك كارلوۋىي ۋارى خەلقئارا كىنو بايرىمىغا جۇڭگو كىنوچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ بىرى بولۇپ قاتناشتى ھەمدە كۆپلىگەن جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ئۇ تارىختىن بۇيانقى خەلقئارا كىنو بايرىمىغا قاتناشقان تۇنجى ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ، بۇ — مىللەتنىڭ شان - شەرىپى، غورۇرى ۋە ئىپتىخارى ئەلۋەتتە.

مەن مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن خوشلاشقان چېغىمدا، ئىچىمدە ئۇنىڭغا: «سۆيۈملۈك يولداش، سىزنىڭ خەلقىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن سەرپ قىلغان يۈرەك قېنىڭىزنى، ئاققۇزغان ساپ تەرىڭىزنى، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا ئاچقان تۇنجى يولىڭىزنى خەلقىم ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈرنەك قىلىدۇ. مەن سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يۈكسەك، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىڭىزنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىشىڭىزنى تىلەيمەن»، — دەپ مۇراجەت قىلدىم ۋە بۇ كۆڭۈل ئارزۇيۇمنى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىش بىلەن ئىپادە قىلدىم.

# ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

تۇرسۇناي يۇنۇس

ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك يۇقىرى بەدىئىيلىككە ۋە مول ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئايلاندى.

بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» روھىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ۋە ئۇسسۇل نەزەرىيىسى يېڭى تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويۇپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەۋىيەت جەھەتتىن ئالغاندىمۇ تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئەلۋەتتە پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇسسۇل ئۇستازلىرى، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ۋە كەڭ ئۇسسۇلچىلارنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى.

تۇرمۇشىمىز كۈنسېرى يېڭىلانماقتا. يېڭى ئۆزگىرىشلەر، يېڭى چۈشەنچە ۋە يېڭى كەيپىيات روھىمىزنى ئۇرغۇتماقتا. سەنئىتىمىزدە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنداق گۈللىنىشنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش ھەم ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تارىخ — رېئاللىقنىڭ ئەينىكى. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل تارىخىنىڭ مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل سەنئىتى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا كۈسەن (كۇچار) ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئۇسسۇل نەغمىلىرى ئۆز شۆھرىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ئۆزىنىڭ مۇزىكا، ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، گۈزەل نەپىسلىكى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ موللۇقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەشرەپ ئارقىلىق يېڭى - يېڭى ئۇسسۇلچىلار يېتىشىپ چىقتى. يېڭىلار كونىلارنىڭ ئىزىدىنى بېسىپ، ئۇسسۇل بايلىقىمىزنى بارغانسېرى بېيىتتى. شۇنداق بولسىمۇ، خەلقنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر زۇلۇم، فېئودال كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ چەكلىشى ئارقىسىدا، ئۇسسۇل سەنئىتىمىز يېقىنقى دەۋرلەرگىچە سەھنە سەنئىتى شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالمىدى. پەقەت 1930 - يىللارغا كەلگەندىلا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىلدى. 1934 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈرۈمچىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ قارمىقىدا سەنئەت ئۆمەك («سانائى نەپىسە») لىرى قۇرۇلدى. بۇ خىل سەنئەت تەشكىلاتلىرى زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەرەققىپەرۋەر زاتلار، قول ھۈنەرۋەن ۋە تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلدى. سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بولسا، بايلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئائىلىلىرىدىن ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى ئارىيەت ئېلىپ ئويۇن قويدى، ئاياللار كېچىسى ئويۇنغا كېلەلمىگەچكە، كۈندۈزلىرى باغلاردا، مەكتەپلەردە ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئويۇن قويۇپ بېرىلدى. شۇ يىللاردا ئاياللار توي - تۆكۈن، چاي ئولتۇرۇشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئايال سازەندىلىرى ئورۇنلىغان مۇزىكىلارغا ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. مەسىلەن: كۇچاردىكى نىساخان بىلەن روزىخان، خوتەندىكى نىساخان، مەرەمخان ۋە مەگلەشخان قاتارلىق ئايال سازەندىلەر خېلى داڭ چىقارغانىدى.

شۇ يىللاردا قويۇلغان ئويۇنلاردا تولاراق خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرى، لەپەرلەر ئوينالغان بولسىمۇ لېكىن ئاياللار سەھنىگە چىقالمايتتى. درامىلاردىمۇ ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ رولغا چىقاتتى. مەسىلەن: شۇ چاغلاردا پولات، ئاق بارات قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار ئايالچە ياسىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدى. بۇ خىل قاتمال ھالەتنى سەنئەت تەشكىلاتچىلىرىدىن بولغان قاسىمجان قەمبىرى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئاياللارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئۆز ئايالى رازىيە خانىمنى سەھنىگە رول ئېلىپ چىقىشقا دەۋەت قىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئاياللار پەيدىن پەي سەھنىلەرگە چىقىشقا باشلىدى. 1937 - يىللىرى خوتەندە ھاجىيە خانىم، ساھىپ جامال خانىم، ھاۋاخان قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار سەھنىگە قەدەم قويدى. 1940 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۇسسۇلچىلار قوشۇنى تېخىمۇ ئۇلغايدى. ھەدىيە خانىم، ھەمرا خانىم، سەئىدە خانىم تۇرسۇنئاي خانىم، رازىيە خانىم، مۇنەۋۋەر خانىم، خەيرىنىسا تولەندى، رابىيەم قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. قەمبەر خانىم بىلەن سىڭلىسى گۈلبەھرەملەرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇل-

لاندى. بۇ ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينىدى. شۇ يىللاردا ئۇسسۇل ئۇستازى ھەم پېشقەدەم ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى قەمبەر خانىم «قەشقەر سەنىمى» نى خەلق ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل قىلىپ سەھنىلەشتۈردى. بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن نەپىس ھەم كۆركەم بولۇپ، قۇرۇلمىسىمۇ بىر قەدەر مۇكەممەل ئىدى. قەمبەر خانىم ئۇنىڭدىن كېيىن يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل «ناغرا ئۇسسۇلى»، «نىم پەدە»، «ئوشاق»، «تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق بىر قاتار ئۇسسۇللارنىمۇ ئىجاد قىلىپ سەھنىدە زور ماھارەت كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار «قەمبەرخانىم قولىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا پۈتۈن بەدىنىدىن ئۇسسۇل تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

1950 - يىللار يېڭى جۇڭگو ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن دەۋرى بولدى. ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇشنىڭ كۆلىمى، ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى ئۇسسۇل پائالىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى بىلەن بىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىمىز يېپيېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ مەزگىلدە شەھەرلەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە، ئىدارىلەردىن تارتىپ مەكتەپلەرگىچە ئومۇمىيۈزلۈك سەنئەت ئۆمەكلىرى ياكى سەنئەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، سەنئەت سېپىمىزغا جۈملىدىن ئۇسسۇلچىلار قوشۇنىغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېڭى كۈچلەر قوشۇلدى. «يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى»، «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» كە ئوخشاش ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە بىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىمىز تەشۋىقاتچىلىق، تەرغىباتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

غەربىي شىمال بەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى ۋە 1958 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى. سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن بۇ ئۇسسۇلچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئۇسسۇل خادىملىرىدىن بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ پېشقەدەم ئۇسسۇل رېژىسسورى ئىبراھىمجان، ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە قابىل رېژىسسورى مەرھۇم ھاجى راخمان، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى، رېژىسسور زەينەپ سىدىق، كەسپىي ئۇسسۇلچى، رېژىسسور سالامەت، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى، رېژىسسور مۇھەممەت داۋۇت قاتارلىق ئۇسسۇل رېژىسسورلىرى ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاجايىپ زور تۆھپە قوشتى.

ئۇسسۇل ئۇستازى مەرھۇم ھاجى راخمان ئۇسسۇل ساھەسىدە ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى يېڭى پەللىگە كۆتەرگەن قابىل ئىجادىيەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ خەلق ئۇسسۇللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، شۇ ئاساستا ئورغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل-

لارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ ئىشلىگەن ھەر خىل تېما، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسسۇللار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردىمۇ نۇرغۇن قېتىم مۇكاپاتلاندى. خەلقئارادا ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ساھەسىدە ئۆتكەن 35 يىللىق ئۆمرى بىزنىڭ ئۇسسۇل تەتقىقات تارىخىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

1957 - يىلى ئامىنە يۈسۈپ ئورۇنلىغان (ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان) «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق دۇنيا ياشلار پېستىۋالىدا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

1957 - يىلى داڭلىق ئۇسسۇلچى ئايتىللا قاسىم ئورۇنلىغان (ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان) «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلار پېستىۋالىدا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

مەريەم ناسىر ئورۇنلىغان «بالا تەربىيىلىگۈچى»، رەيھانگۈل ئابلىز ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «يۈرەك شادلىقى»، گۈلباھار سىدىق ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «بۇلاق بويىدا» قاتارلىق ئۇسسۇللار مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇسسۇل كۆرىكىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى خەلچەم سىدىق، ئۈمىدلىك تالانت ئىگىسى دىلنار ھامۇت، ھەبىبە قاتارلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىز دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل سەھنىلىرىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ شان - شەرەپكە ئىگە بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەي تۇرالمايمىزكى، 10 يىللىق چوڭ قالايمىقانچىلىق ئۇسسۇل سەنئىتىمىزگە زور يوقىتىش ئېلىپ كەلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللار «زەھەرلىك چۆپ» كە ئايلىنىپ قالدى. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ئوينىلىپ كېلىۋاتقان خەلق مەشرەپلىرى ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىغىمۇ «كونىلىق» قالپىقى كىيدۈرۈلدى. مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرىمىز «مەزمۇنى يوق» دەپ قارىلاندى. ئۇسسۇلدىكى مىمىكا، قىياپەتلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، يا تەنتەربىيىگە، يا ئۇسسۇلغا ئوخشىمايدىغان قوپال ھەرىكەتلەر ئۇسسۇل ئورنىغا دەسسىتىلدى. ئاممىۋى ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىمۇ «بۇرژۇئازىيە تۇرمۇش ئۇسسۇلى» دېگەندەك ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراپ، ئۇسسۇل سەھنىلىرىدە پەقەت بىر نەچچە «ئۈلگە» دىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئۇستازلىرىمىز، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىمىز، خەلق سۆيىدىغان داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىز جىن - شەيتان قىلىنىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېغىر ئازابلارغا، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تىل - ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ قاناتلىرى سۇندى، دىلى ئازار يېدى. خېلى بىر قىسىم تالانتلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىز ئۆز كەسپىدىن مەجبۇرىي ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. بىر قىسىم ئۇسسۇلچىلار روھىي جەھەتتىكى خورلىنىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىق، ھاياتنىڭ ئېغىر بېسىمى ۋە تەھدىدى ئارقىسىدا ئۆز كەسپىدىن مەھرۇم بولدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزدە ئاجايىپ زور گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ھەم كۆچار مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان «كۆسەن بەزمىسى» ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلانغان «تەڭرىتاغ شادلىقى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار خېلى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىياتىدىن دېرەك بەردى.

بىز ھازىر ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە تۇرماقتىمىز. ئىنسانلار تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولماقتا.

ئىنسانلارغا تىلسىمات بولۇپ كەلگەن تەبىئەت دۇنياسى سىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېچىلىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتمەكتە. كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان تەلىپى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. بىراق ھازىرقى ئۇسسۇل نومۇرلىرى خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل تەلىپىنى زادىلا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. خەلقىمىز ئېھتىياجلىق بولغان نومۇرلار بەكمۇ كەم. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل مۇزىكىسى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە موللىقى بىلەن ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرەلەيدىغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، سەۋىيە جەھەتتە مەملىكەت ئۆلچىمىگە يېتەلەيدىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار كەم بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر، «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شىرىن»، «مەلىكە ئامانىسا»، «رابىيە - سەئىدىن»، «مۆلجەرتاغ بورانلىرى» قاتارلىق تارىخىي ئېپىزوتكى داڭلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئۇسسۇللۇق تىياتىر قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەيدىغان بولساق، كىشىلەرگە خېلىلا تونۇش بولغان بۇ ئەسەرلەردىن ئوبدان ئۇسسۇللۇق تىياتىر نومۇرلىرى شەكىللەنگەن بولاتتى. ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردىنمۇ ياخشى ماتېرىياللارنى تاللاپ زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىرلارنى ئىشلەپ چىقىش شارائىتى تېخىمۇ تولۇپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ.

ئىككىنچى، «ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناش» دېگەن سۆز — ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن جاھاندا داڭ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئالاھىدىلىكىمىزنى يەنىمۇ بېيىتىپ، تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. يەنى سەھنىلىرىمىزدە ئۆزى ناخشا ئېيتىپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئوينايدىغان قوش ماھارەتكە ئىگە بولغان ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بەلكىم بەزى كىشىلەردىكى «زامان تەرەققىي قىلدى. ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان تەييار ناخشىچىلىرىمىز تۇرغان يەردە، ئۇنداق شەكىلنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېگەن قاراشنىڭ مەھسۇلى، ياكى ئاڭسىز ھالدا شەكىللىنىپ قالغان ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. 60 - يىللاردا «جولا ئانىسا مېنى»، «قەشقەر سەنىمى» قاتارلىق نومۇرلارنى ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئۆزلىرى ناخشا ئېيتىپ ئورۇنلاپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇ مەزگىلدە يەنە ئۆزگىرىشلىك ئايالچە لەپەر قىلىپ ئورۇنلانغان «نازىركوم» ئۇسسۇلىمۇ تاماشىبىنلار ئىنتايىن ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان قىزىقارلىق نومۇرلارنىڭ

بىرى ئىدى. خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت تاماشىبىنلىرىمۇ بۇ نومۇرلارنى كۆرگەندىن كېيىن، «بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باشقا مىللەتلەردە ئاز تېپىلىدىغان سەنئەتتىكى ئالاھىدىلىكى» دەپ توغرا باھا بەرگەنىدى. دەرۋەقە، ھازىر ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللارنىڭ ئىچىدىمۇ ناخشىچىلار تەڭكەش قىلىپ بېرىدىغان بەزى ئۇسسۇللار بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ناخشا ئېيتىپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئىپادىلىنىدىغان قايناق ھېسسىيات، جۇشقۇن كەيپىيات بۇنىڭدا تازا گەۋدىلەنمەيدۇ.

ئۆزى ناخشا ئېيتىپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئوينايدىغان نومۇرلار يېقىنقى يىللاردا سەھنىلەردە قايتا ئوينالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نومۇرلارنىڭ سەۋىيىسى ئەينى ۋاقىتتىكى سەۋىيىگە يەتمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە بۇ خىل نومۇرلارنىڭ دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقى ياكى خەلقىمىز ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۇنى دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا يېڭى شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇن قوشالمىغانلىقىمىزدا.

ئۈچىنچى، كوللېكتىپ ئورۇنلايدىغان سالتەنەتلىك، كۆركەم ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئازلاپ قالدى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئاياللار ياكى ئەر - ئاياللار كوللېكتىپ ئورۇنلايدىغان ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئاساسلىق نومۇرلار ھېسابلىناتتى. مەسىلەن: 1960 - يىللاردا ئەر - ئاياللار كوللېكتىپ ئورۇنلايدىغان «تەنتەنە ئۇسسۇلى»، «پاختىكارلىق ئۇسسۇلى»، «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلانغان نومۇرلار بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئىنتايىن ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

1865 - يىللاردىن كېيىن، يالغۇز كىشىلىك ۋە كىچىك ھەجىملىك «ئولانمۇچىر» چە سەنئەت نومۇرلىرى تەشۋىق قىلىندى. ئۇمۇ بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇ خىلدىكى نومۇرلارنىمۇ ئويناش كېرەك. لېكىن كوللېكتىپ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇسسۇلچىلار قوشۇنىنى يېتەكلەش، ئۈستۈرۈش، ماھىر تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بىز رۇمىنىيە، تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل نومۇرلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلدىكى ھەرىكەت بىرلىكى، ئويناش ماھارىتى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدە بىر قىسىم داڭدار، ماھىر ئۇسسۇلچىلار بولۇشتىن سىرت، مۇكەممەل كوللېكتىپ ئۇسسۇل قوشۇنىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قانداق سەۋىيىدە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ھازىر ئوينىلىۋاتقان يېڭى ئىجادىي ئۇسسۇللارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تازا ساغلام دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ، ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە قانداق يېڭىلىق يارىتىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىچىدە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن كۆز قاراش ئوخشاش ئەمەس؛ مېنىڭچە، ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئۇسسۇل - مۇزىكىسى، ئۆرپ - ئادىتى، مىجەز - خۇلقى شۇ مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر. شۇڭا، يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسسۇللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جەزمەن ئەنە شۇ خىل ئالاھىدىلىكنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، قول ئۇچىدىلا ئىجاد قىلىنغان ئەبجەش ئۇسسۇللارنى سەھنىگە چىقىرىپ، خەلق قىزىقىپ كۆرسىلا بولىدۇ غۇ دەيدىغان قاراشلارغا قەتئىي خاتىمە بېرىشىمىز لازىم.

ھازىر شىنجاڭدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ۋە ئۇسسۇل رېژىسسورلىرى ئىچىدە ئېقىملار بويىچە كەسكىن تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. بىر خىل قاراشتىكىلەر، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل-

دىرى بىلەن كلاسسىك ئۇسسۇللارنى ئۇزاقىچە ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر، زامان تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئەركىن، بەھوزۇر ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلىنى — دىسكو ئۇسسۇلىنى سەھنىلەشتۈردى. بىز قاچانغىچە كونا سەنئەتكە دەسسەپ، ئۇسسۇل سەنئىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتمايمىز، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشتىكىلەر-نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىرىنى ئوبيېكتىپ رەۋىشتە سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى بىلەن كلاسسىك ئۇسسۇللار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك سەنئەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى. بىز خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلق ئۇسسۇللىرى — ئۇسسۇل سەنئىتىمىزدە ناھايىتى يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ سەنئىتى-مىزنىڭ پارلاق ئەنئەنىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىجادىي ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئاسا-سى يۇتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەلق ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت بۇ يۇتمەس - تۈگىمەس بۇلاقنى دىققەت نەزىرىمىزنىڭ مەركىزىي ئورنىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چىڭ تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، خەلق ئۇسسۇللىرىمىزنى ۋە كلاسسىك ئۇسسۇللىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتى ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مىراسلىرىمىزنى زور ئىجتىھات بىلەن چوڭقۇر قېزىش، تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ھەر بىر مىللەتنىڭ داڭلىق سەنئەت ئەربابلىرى شۇ مىللەتنىڭ سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن: قەمبەر خانىم دۆلىتىمىزگە، ھەتتا خەلقئاراغا تونۇلغان داڭلىق ئۇسسۇل ئەربابى. ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان نۇرغۇن ئۇسسۇللارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەمدە ئۇلارنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇ-رۇپ، ئۇلارنى بۈگۈنگە يەتكۈزۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى، خەلق ئۇسسۇللىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىلەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇ-ڭا بىز بۇ ئۇسسۇل ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇس-سۇل ئويناشتىكى ماھارىتىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى رەتلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر بىر قىسىم زامانىۋى ئۇسسۇللارنىڭ تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلى-ۋالغانلىقى مەلۇم رېئاللىققا ئايلاندى. بەزى كىشىلەر بۇ خىل ئۇسسۇللارنى كۆرۈپ، «مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ سالىقى يوقىلىدىغان بولدى» دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، سەھنە ۋە ئېكرانلاردا كۆرۈنۈۋاتقان بەدەننىڭ كېرىشىپ تۈگۈلۈشى، تولغىنىشى ۋە يەردە ئېغىناش-تەك موسكۇللۇق ھەرىكەتلەر «ئۇچىغا چىققان ئەدەبسىزلىك» دېگەن ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ.

بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دەۋرنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھازىرقى ئىنسانلار مول مەنىۋى تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ، سەنئەتنىڭ يېڭى شەكىل بىلەن تەرەققىي قىلىشى-

نى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئاجايىپ ئېستېتىك زوق بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا مەيلى ئەنئەنىۋى سەنئەت بولسۇن، ياكى ھازىرقى زامان سەنئىتى بولسۇن، ئۇ يەنە شۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىلا كىشىلەر ئۇنى ئوخشاشلا ياقتۇرۇپ كۆرۈۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى تەكىتلەپ ئىككىنچى بىر تەرىپىنى چەكلەپ قويىدىغان بولساق، سەنئەتتىكى «ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش» فاڭجېنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن كەڭ قوساقلىق بىلەن ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايرىم كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، خەلق ئۇسۇللىرىنى خام ماتېرىيال قىلغان بەزى ئۇسۇللارغا ھازىرقى زامان دىسكو ئۇسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەتەيلەپ سىغداپ كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇسۇل تىلى ۋە ئۇسلۇبى قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. دېمەك، ئۇسۇل سەنئىتى ساھەسىدىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنى تەكىتلەپ يەنە بىرىنى ئىنكار قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس. بۇ ئىككى خىل تەشەببۇسنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى، شىنجاڭدا مىللىي خەلق ئۇسۇل ئانسامبىلى بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل ئانسامبىلى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

مىللىي خەلق ئۇسۇل ئانسامبىلى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇسۇل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، پېشقەدەم ئۇسۇلچىلارنىڭ ئۇسۇل ھەرىكىتى، ئۇسلۇبى، قىياپىتى ۋە ئۇسۇل ئويناش ماھارىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، رەتلەپ، بېيىتىپ خەلققە تەقدىم قىلىشنى مەقسەت قىلىشى؛ زامانىۋى ئۇسۇل ئانسامبىلى بولسا، ياشلارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جۇشقۇن نومۇرلارنى ئاساس قىلىش كېرەك. بۇ ئۇيغۇر ئۇسۇل سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ تەقەززاسى. بۇ ئىككى ئانسامبىل بىر - بىرىنى چەتكە قاقماستىن، بەلكى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ، ئۇسۇل سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز شۇ ئارقىلىق مىللىي خەلق ئۇسۇللىرى بىلەن كلاسسىك ئۇسۇللىرىمىزنى ساقلاپلا قالماي، ئۇنى داۋاملىق بېيىتالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە زامانىۋى ئۇسۇللارنىمۇ دادىل ئىجاد قىلالايمىز.

بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتقان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئۆزىنىڭ ئۇسۇل بايلىقى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېخىچە ئۇسۇل تارىخىلا ئەمەس، ئۇسۇل نەزەرىيىسى ھەققىدىكى مۇكەممەل دەرسلىك قوللانمىلىرى يېزىلىپ چىققىنى يوق. بۇ ئۇسۇل تەتقىقاتى ۋە تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملىرىمىزنىڭ يەنىلا ئازلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلىشىمىز كېرەك. ئەگەر كەڭ ئۇسۇل تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئۇسۇل خادىملىرى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

بىز ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئەجدادلىرىمىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات يولىدا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ پارلاق سەھىپىلەرنى ئېچىشىمىز لازىم.

پېشقەدەم ئۇسۇل ئۇستازلىرىنىڭ، ئۇسۇل ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئۇسۇلچى خادىملارنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرىمنى ئويلىنىپ كۆرۈشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

# ئۆمەگگونىڭ پەخرىمىز

(مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

تېيىپجان ھادى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مىراسلىرى ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن مۇساپىنىڭ سەپىرىدە، ئۈزۈلۈپ توختاپ قېلىش ۋە قىسمەن يوقىلىش خەۋپلىرىگە دۇچار بولۇپ كەلدى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي ئاشۇنداق ئەندىشىلىك چاغلاردىمۇ پاكدىل، ئىلغار ئىجتىمائىي كۆز قاراشقا ئىگە بولغان ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «سەنئەت باھەسىدە، يۈرەكنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇدھىش شارائىتلارغا قارىماي ئەڭ ياخشى ئەدەبىياتنى، كىشى ھەيران قالارلىق بەدىئىي سەنئەتنى ۋە ھەممە زوقلىنىدىغان ئاجايىپ مۇزىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ناھايىتى چوڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ»، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەتەرلەردىن ساقلاپ قالالىدى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى ۋە نامايەندىسى — سەنئەت ئەربابى ۋە مۇقامشۇناس مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئوغلىدۇر.

مەن بۇ ئەسلىمەم ئارقىلىق مەرھۇم بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق ھەمراھلىقىمدا ئۆزۈم بايقىغان ۋە سەپالغان ۋەقەلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. ئۇ، ئاتاقلىق چالغۇچى ئىدى

سەنئەت سېپىگە ئاتلىنىش نىيىتىدە بولغان ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئارزۇلىرىنىڭ بىرسى چالغۇ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. زىكرى ئەلپەتتا ئوغلىنىڭ 15 ياش چېغىدىلا دۇتار چېلىشتىكى تۇنجى ئۇستازى زۇنۇن ئاخۇن ئاكا (پايىنەك) دۇر. زىكرى ئاكىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئۆگەنگەن پەدىسى «سېرتىما» پەدىسى. مۇشۇ بىرىنچى پەدىسىدىلا ئۇنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن زۇنۇن ئاخۇن زىكرى ئاكىغا چوڭ مەدەت بەرگەن ھەم رىغبەتلەندۈرگەن. كىچىك زىكرى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچىلىرىغا ئەگىشىپ، مەشرەپ، باراۋەت - ئولتۇرۇشلىرىدا، بولۇپمۇ ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ ئۇستازى ھەسنەم ئاكا تەمبۇرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن 1930 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە بولغان ئارىلىق-

تىكى 10 نەچچە يىل جەريانىدا مەشھۇر مۇقامچى ۋە داستانچى روزى تەمبۇرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، 11 مۇقام ۋە ئۇنىڭ داستان، مەشرەپلىرىنى روزى تەمبۇر قانچىلىك بىلسە، شۇنچىلىك ئۆزلەشتۈرگەن.

دېمەك، زىكرى ئاكىنىڭ ئۆگەنگەن ئۇستازلىرى تولا بولمىسىمۇ، ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرى بويىچە ئۇستازى ھەسەن تەمبۇر، مۇقام بويىچە ئۇستازى روزى تەمبۇرلاردۇر. ئۇنىڭ دۇتار چېلىشتىكى ماھارىتىنى ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «1955 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى قاتارىدا ئۆزبېكىستاندا زىيارەتتە بولغان مەزگىلىمىزدە، ئۆزبېكىستان رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بىر قانچە نومۇر بېرىشكە توغرا كەلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە زىكرى ئىشلىگەن «ئاغچا ئانا مېھرىبانىم» نى مەن ئىجرا قىلدىم، تەمبۇرنى ھۇسەنجان، ئىسكىرىپكىنى تۇرسۇن تېيىپ ۋە دۇتارنى زىكرى ئۆزى چالدى. مەن ناخشىنى ئىجرا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇلار مەرغۇلنى ئورۇنلىدى، زىكرى دۇتارنى شۇنداق چالدىكى، ئورۇنلاپ بولۇشىغا ئۆزبېك، رۇس مۇتەخەسسىسلىرى زىكرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: ۋات* ھەم دۇتارنى چالغۇچى ...» دەپ ئۇنى تەبرىكلەشتى، ئارقىدىنلا زىكرىنىڭ ئۆزىنىڭ دۇتارى بىلەن بىر نومۇر ئورۇنلاپ بېرىشىنى سوراشتى. زىكرى قوبۇل قىلىپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن «باسىلا بىللە بارايلى» نى شۇنچىلىك يۈكسەك ماھارەت بىلەن چالدىكى، بۇنى تەرىپلەپ چۈشەندۈرۈش تەس.» دېمەك، زىكرى ئەنە شۇنداق ھەممىنى قايىل قىلىپ زوق بېغىشلايدىغان ئاتاقلىق چالغۇچى ئىدى.

## 2. خۇش ئاۋازلىق ناخشىچى ئىدى

خۇش ئاۋاز — سەنئەتچى ئاتالغان ھەممە ئادەملا ئېرىشىپ بولالمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، تەبىئەت زىكرى ئەلپەتتاغا ياڭراق، تەسىرلىك، خۇش ئاۋازنى تەقدىم قىلغان. كامالىغا يەتكۈزۈپ چېلىش بىلەن ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ناخشا ئېيتىپ ھەممىنى قايىل قىلىش ئاز ئۇچرايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، بۇ ھەر ئىككى خۇسۇسىيەتنىڭ زىكرى ئەلپەتتا ئوغلىدا جەم بولۇشى ئۇنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئاشۇردۇ ۋە ئۆگىنىش تەلىپىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ تومۇرى بىر بولسىمۇ، ھەر بىر دەۋرنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچى، ناخشىچىلىرى ئۆز ئالدىغا بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئۇسلۇبلارنى ياراتقان. شۇ قاتاردا زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، بىرىنچىدىن، بېيىت بىلەن ئاھاڭنىڭ قاتتىق چېپىلىشىشى؛ ئىككىنچىدىن، مۇزىكىدىن ئىلگىرى - كېيىن قالماي تەڭ ئىجرا قىلالىشى؛ ئۈچىنچىدىن، كەمتۈك ياكى ئارتۇق قىلىپ قويماي، ناخشىنىڭ شىرنىسى - تەسىرىنى كەتكۈزمەي ئىجرا قىلىشى؛ تۆتىنچىدىن، ئاھاڭلارنى ھەددىدىن ئارتۇق سوزۇۋەتمەي ياكى تولىمۇ قىسقا قىلىپ ئېيتماي مۇۋاپىق، موزۇرلانغىدەك ئىجرا قىلىشى؛ بەشىنچىدىن، ئىملاجى بولسا

* ۋات — رۇسچە مانا دېگەن سۆز.

ھەر بىر ناخشىنىڭ ئۆز بېيىتىنى تېپىپ سېلىشى؛ ئالتىنچىدىن، يۈرۈشلۈك ناخشىلارنى ئىجرا قىلغاندا، بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭى تۈگەش بىلەن II - باشلىنىدىغان ئاھاڭنىڭ II - مىسراسىنى ئۇلاپ راۋاجلاندۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشى؛ يەتتىنچىدىن، كەرەشمىلىك = ھۆسنى - جامال ئىمگىلىرىنىڭ كەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىگە بىرىكتۈرۈپ قاش، كۆز ياكى لەۋلىرىنى بىر تۈرلۈك ھەرىكەتكە سېلىپ، تىڭشىغۇچىنىڭ قەلبىگە ئوت يېقىپ، يۈرەككە دەرد ياكى ھوزۇر بېغىشلاشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

زىكرى ئاكا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇزۇن يىل ئىلىنىڭ دەريا بويى، تاللىق - جىگدىلىكلىرى، ئۆرۈك - ئالما پىشقان باراقسان باغلىرى، قوغۇن - تاۋۇزلىرى، مەي باغلىغان قوغۇنلۇق باراڭلىرى، قوزا - تايچاقلار ئويناقلىغان تاغ - ئوتلاقلىرى، ئىلىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىكى ئۆيلەر ۋە سانايىنەپىسەلەرنىڭ ھەر قايسى سەھنىلىرىدىكى بارلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناخشىچى ئىدى.

كۆپىنچە سازچى - ناخشىچىلار (ئۆزلىرى بىلەن دائىم بىللە بولماي، بىر ئورتاقلىققا ئىگە بولالمىغانلار) بىرەر سورۇندا بىللە بولۇشۇپ قالغاندا ھەر كىم ئۆز ئۇسلۇبىغا تارتىپ كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرۇشىدۇ. لېكىن زىكرى ئەلپەتتا ھەر قانداق ناخشىچى ياكى سازچى بىلەن ئوخشاشلا ماسلىشالايدۇ. شۇلارنىڭ ئۇسلۇبىدا ياكى ئۆز ئۇسلۇبىدا باشلامچىلىق بىلەن ماڭالايدۇ. بۇ زىكرى ئەلپەتتادىكى ھەممىنى قايىل قىلىدىغان ئارتۇقچىلىقتۇر.

## 3. كۆپ بىلگۈچى ئىدى

زىكرى ئەلپەتتا ئىلىدىكى داڭلىق مۇقامچى ۋە چالغۇچىلاردىن بولغان ھەسەن تەمبۇر ۋە روزى تەمبۇرلاردىن ئۇلاردا بار بولغان بايلىقلارنى بىر قاتار سۈمۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىشتىياقى يەنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مەشھۇر چالغۇچى - ناخشىچىلاردىن ھۇسەن تەمبۇر، جامى ئاكا، ساۋۇتئوم ئاكا، باراتكام تەمبۇر، ئاق تېيىپ ھاجىم، ئابدۇللا چۈكچۈك ۋە باشقا سازچى - ناخشىچى ئاتالغان كىشىلەرنىڭ چېلىش ۋە ئېيتىش ئۇسلۇبلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى ۋە قوبۇل قىلىشقا لايىق قانچىلىك ئارتۇقچىلىقلىرى بولسا، ئۇنى سەممىي قوبۇل قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ تەخمىنەن 1941 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزبېك ئەلنەغمىچىلىكى بىلەن تونۇشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەلۇمكى، بۇ چاغدا ئىلىدا ئۆزبېكلەر خېلى جىق ساندا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەركىبىدە خېلى داڭلىق بولغان سانايىنەپىسە بۆلۈمى ئىشلەپ تۇراتتى. ئۆزبېك ياشلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلغانىدى. زىكرى ئاكا مانا شۇ سورۇنلاردا ئۇلار بىلەن بىللە بولدى ھەم كېچىلىرى رادىئو يېنىدىن قوپماي، ئۆزبېكچە ئاھاڭلارنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. زىكرى ئاكىدىكى بۇ مەستانىلىققا ھەيران بولغان مەرھۇم ھەسەن ئاكا تەمبۇر زىكرى ئاكىنىڭ يېقىنلىرىغا: «ئۇ (زىكرى) ئالدىراپلا ئۆزبېكلەرنىڭ

كەينىگە كىرىۋالدى، ئۇ، بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئايرىلماي تۇرسا ئۇنىڭغا ئۆگىنىدىغان يەنە
خېلى نەرسىلەر بار ئىدى، 12 مۇقام ۋە ئۇنىڭ چوڭ نەغمىلىرى توغرىسىدا ئۇ تېخى ساۋات-
سىز، خەير، ئامال قانچە؟!»* دېگەن ھەسرىتىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇ پىكىر زىك-
رى ئاكىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىگەن. شۇڭا ئۆزىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەسرەت چېكىپ،
ھەسەنەم ئاكا مەرھۇمنىڭ روھىدىن ئەپۇ تىلىگەنلىكىنى نەچچە قېتىم ئېيتقانىدى.

زىكرى ئەلپەتتا ئۆزبېكچە ئاھاڭلارنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئۆز دەۋرىنىڭ چاڭچىلە ئا-
ھاڭلىرىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ، دادىسى ئەلپەتتا ئاكا ۋە مەرھۇم ئاكىسى تۇرسۇن
(سېرىق) لار بىلەن خەنزۇچە تىياتىر ئويۇنلىرىنى كۆرەتتى ۋە شۇ ئويۇنلار ھەققىدە جىد-
دىي مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۇ، كېيىن بۇ تىياتىرخانىنىڭ ئارتىس - ئارتىسكىلىرى ۋە چالغۇ-
چىلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە پىكىرلىشەتتى.

ئازادلىق زىكرى ئاكىغا چوڭ خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپ-
كى مارپىسىدىلا، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مەركىزى بېيجىڭ ۋە باشقا ئورۇنلىرىغا زىيارەتكە بار-
دى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بىلەن تونۇشتى. 1957 - يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى
ئۆلكىگە يۆتكەلدى. ئۇ خىزمەت ۋە ئېكىسكۇرسىيىلەر بىلەن سەنئەت ماكانى جەنۇبىي شىن-
جاڭنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە بولدى. بۇ يەرلەردىن ئۇ ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى،
كېيىن مۇقامشۇناس مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتقانلىرى ئېلىنغان پىلاستىنكىلار زىك-
رى ئەلپەتتاغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئۆزلەشتۈردى. بۇ ئەھۋاللار مەرھۇمنىڭ نە-
زەر دائىرىسىنى، مەنىۋى ئوپۇغىنى تولىمۇ كېڭەيتتى. شۇڭا ئۇ دەۋرىمىزدىكى كۆپنى بىلگۈ-
چىلەردىن بولۇپ قالدى.

## 4. ئۇ داڭلىق ئارتىس ئىدى

زىكرى ئەلپەتتا 1935 - يىلدىن ئېتىبارەن «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما سانايى
نەپىسە» گە كىرگەن. ئۇ، سانايىنەپىسىگە كىرگەن چېغىدىن باشلاپلا كۆپچىلىك ئۇنىڭ
سەنئەت ساھەسىدە قايىل قىلارلىق چېلىش، زوقلانغۇدەك ئېيتىش ۋە زوقنى قوزغىغۇدەك ئار-
تىسلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ھەر تەرەپلىمە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلىشكەن.
شۇڭا سانايىنەپىسىگە كىرگەن يىلىلا «قانلىق داغ» دېگەن روشەننىڭ دادىسىنىڭ رولىنى؛
«غېرىب - سەنەم» ۋە «پەرھات - شېرىن» ئوپېرالىرىدىكى سەنەم ۋە پەرھاتلارنىڭ دادىلى-
رى — پادىشاھلارنىڭ روللىرىنى ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، زىكرى ئەلپەتتا بۇ رول-
لارنى خەلقنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئورۇنلاپ چىققان.

زىكرى ئەلپەتتانىڭ رول ئېلىش جەريانىدىكى مۇنۇ بىر
ۋەقە كىشىنى تولىمۇ قايىل قىلىدۇ.

---

* كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ھەسەنەم تەمبۇر كارۇشالىق ئاخۇنۇمدىن تولۇق ئۆگەنگەن ۋە ئاخۇنۇم مۇقام بېيىت-
لىرى يېزىلغان دەپتىرىنى ھەسەنەم ئاكىغا بېرىپ كەتكەن ۋە دۇئا قىلغانلىقى بىلىنىدى.

1941 - يىلىنىڭ كەچكۈز مەزگىللىرىنىڭ بىر ئاخشىمى. ئىلى سانائىنەپىسىسى تەييارلىغان «پەرھات - شىرىن» دىرامىسى قويۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، كۆپچىلىك پەردىنىڭ ئىچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. تۇيۇقسىزلا پەرھاتنىڭ رولىنى ئالغۇچى ئارتىس ئاغرىپ قېلىپ رولغا چىقالماس بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال سەھنە ئۈستىدە جىددىي تەييارلىق ھەرىكىتىدە بولۇۋاتقان ھەممە ئادەمنى بولۇپمۇ رېژىسسور جالالىدىن يەھيارو پنى ئېيتقۇسىز ھالدا خىجىللىق ۋە ئەلەمگە قويدى. ھەممە سۈكۈت ئىچىدە چارە ئىزدەشمەكتە ئىدى. ۋاقىت ئويۇننى باشلاش مۇددىتىگە سۈرۈپ كەلمەكتە. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرەر ئىنساندىن سادا چىقمىدى. سەھنە ئۈستىنى ۋەھىمە ھەم سۈر باسماقتا ... دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، چەتتەرەك پەرھاتنىڭ دادىسىنىڭ رولىنى ئالماقچى بولۇپ گىرىملىنىپ بولغان زىكرى ئەلپاتتانىڭ بوم، ياڭراق، خۇش ئاۋازى سۈس ئاڭلاندى.

— جالالىدىن!

رېژىسسور جالالىدىن خۇددى ۋەھىمەك ئاڭلانغان بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىگە ئەلەم ۋە ئۈمىدتە تىكىلدى.

— سىز مېنىڭ رولۇمنى ئالالايسىزغۇ؟

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق رېژىسسورى ئاتالغان نۇۋەر يىگىت جالالىدىن يەھياروپ ئۆزى باش بولۇپ ئۆگىتىۋاتقان بۇ رولنى نېمە ئۈچۈن ئالالمىسۇن، مەرھۇمنىڭ يۈزلىرى قىزاردى، چىشلىرى جۇپلەشتى. كۆزلىرىدىن ئوت يالقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇ:

— ئالالايمەن! — دېدى چوڭ ئىشەنچ بىلەن.

— مېنى پەرھاتچە كىيىندۈرۈڭلار! — دېدى زىكرى ئەلپەتتا كەمتەرلىك بىلەن.

— نېمە؟ — دەپ جالالىدىن يەھياروپ زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ قاتتىق باغرىغا باستى. ئۇ ھېچكىمنى ئۆمۈر بويى مۇنچىلىك مېھرى - مىننەتدارلىق بىلەن باغرىغا باسمىغان بولغىيدى. ئۇلار ئىككىسى يېتەكلىشىپ گىرىمخانىغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ تۇرغان باشقىلار يېنىك تىن ئالدى. چىقىش يولى تېپىلغانلىقتىن ھەممىنىڭ يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈشتى.

پەرھاتنىڭ رولىنى ئالىدىغان ۋە كەڭ جامائەت ئالدىدا خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول تېپىلدى، ئەمما ناۋائىينىڭ ئەسىرىنى سەھنىلەشتۈرگەن ئۆزبېكىستان يازغۇچىسى خۇرشىد رەشىدوۋنىڭ بۇ دىرامىسى شېئىرىيەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، قاپىيىلەشتۈرگەن سۆزلەر چاتمىسى ئىدى. ناھايىتى پىششىق ئۆزلەشتۈرەلمىگەن ئارتىس - ئارتىسكىلار بۇنى باش ئۇچىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ناھايىتى تەس. ئېلىپ كۆرمىگەن بۇ رولنى زىكرى ئەلپەتتا ئېلىپ كېتەلەرمۇ؟ دېگەن گۇمان بۇ سىرنى بىلگەن ھەممە كىشىنى يوشۇرۇن قىينايتتى.

پەرھاتچە كىيىندۈرۈلگەن زىكرى ئەلپەتتا پادىشاھ رولىدا كىيىندۈرۈلۈپ ئۆزى بىلەن گىرىمخانىدىن بىللە چىقىۋاتقان جالالىدىن يەھياروپقا يېنىچە قاراپ:

— سازچىلارغا يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتىرىپ تەڭشەشنى ئېيتىڭىز! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— نېمە دەيسەن ئۇي، زىكرى، كۆپايە قىلمامدۇ، ھېلىمۇ كۆتۈرەڭگۈلۈكقۇ سازا — دەپ تىكىلدى جالالىدىن يەھياروپ.

— ئەندىشە قىلماڭ، كۆتەرگۈزۈڭ!

ھاياجانلانغان جالالىدىن دەرھال ئورۇنلاشتۇردى. پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ پۈتۈن تاماشىبىن ھەم خىزمەتچىلەر جىمجىتلىق ئىچىدە سەھنىگە تىكىلىشكەنىدى. ئۇلار سەھنىدە نەچچە چاقلاردىكىدەك ۋىجىك پەرھاتنى ئەمەس، ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقى پەرھاتنى كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ سالماق رول ئالغانلىقىغا قايىل بولۇشتى، كۆزلىرىنى تىكىشتى. پەرھات - شىرىن ئويۇنى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، ۋەقەلىكنىڭ جىددىي يەرلىرىگە ئۇلاشماقتا. پەردىلەر يۆتكەلمەكتە. زىكرى ئەلپەتتا ئۆز رولىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېلىپ بارماقتا. ۋەقەلىك راۋاجلىنىپ، پەرھات ئۆز سۆيگىنى شىرىننىڭ ئىشقىدا:

«ۋادەرىغا ئايرىلىپ قالدىم، ئۇ گۈل ئاي يۈزلۈك نىگارىمدىن» دېگەن ناخشىنى باشلىشى بىلەن تەڭلا دەھشەتلىك جۇدالىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ تەبىئىي يىغلامسىراپ ناخشىنى داۋام قىلىپ نالىسىنى كۆككە ياڭرىتىدۇ - دە:

«يۈزىنى كۆرمەك بىلەن ئايرىلدىم، ئەقلى - ھۇش خىيالىمدىن ...» دەپ زارلانغىنىدا كۆزىدىن تەبىئىي ھالدا تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئېلېكتر نۇرىدا يالتىرايدۇ. بۇ چاغدا تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلى راستىنلا بۇزۇلۇپ، ئۇلارمۇ كۆز يېشى قىلىشىپ كولۇب ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئويۇن يەنىمۇ مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. شىرىننىڭ پەرھات بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتى پەرھاتقا يەتكۈزۈلگەندە، بۇ خۇشخەۋەرنى ئىپادىلەيدىغان «مۇژدىكەلدى» ناخشىسىدىكى

«بۇ خەۋەرلەر چارىسى، دەردىمگە دەرمان ئەيلىدى،
ھەم بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى، گويا گۈلۈستان ئەيلىدى؛
گەرچە باغرىمنى مۇرۇۋۋەتسىز پەلەك قان ئەيلىدى.» دېگەن مىسرالىرىنى
بالدۇر سۇس ئاھاڭدا باشلاپ ئېيتىپ كېلىۋېتىپ:

«ماڭا بۇگۈن ئۇل نىگارىم لۇتپى ئىھسان ئەيلىدى» دېگەن مىسراسىغا كەلگەندە، ئۇ ئاۋازىنى شۇنچىلىك يۇقىرى بالداقتا كۆتىرىپ ئېيتتىكى، كولۇبتىكى پۈتۈن تاماشىبىن ھەم خىزمەتچىلەرنى: «ئاپلا! ... بۇنىڭ ئايىغىنى قانداقمۇ چۈشۈرەر؟!» دېگەن ئەندىشىلىك تۇيغۇغا سالدى، لېكىن ئۇ لاپلا:

«توغرا كەلدى بەختىمگە ھەر نەرسە پال ئەيلەر ئىدىم!» دېگەن بېيىتلىرىنى ئوينىتىپ ئاخىرلاشتۇرغاندا، تاماشىبىنلار ئاندىن يېنىك نەپەس ئالدى ۋە ئۈزۈلدۈرمەي تەبرىك ۋە خۇشاللىق چاۋاكلىرىنى ياڭراتتى.

ئويۇن ئاخىرلاشتى، سەھنىدىن چىقىپ تېخى گىرىمخانىغا كىرىپ ئۈلگۈرمىگەن زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تالاشقان ھالدا ئۇنى باغرىغا بېسىشتى، گۈلدەستىلەرنى ئېتىشتى.

مەن شۇ كۈنى ھاياجانلانغانلىقىمدىن ئۈن - تىنسىز كۆز يېشى قىلىپ ئۆيگە قايتتىم. مەن شۇ كۈنى ئۆيگە قاچان ۋە قانداق يېتىپ بارغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنىگە 45 يىل بوپتۇ. مەن شۇندىن بۇيان ئىلىنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى ۋە ئاتاقلىق ئارتىسلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاتاقلىق ئارتىس ۋە ناخشىچىلىرى بىلەن بىللە بولدۇم ۋە شۇلار ئارىسىدا ئۆستۈم. ئويلىسام ماڭا شۇ چاغلاردىكى زىكرى ئاكىنىڭ ناخشىسىدەك يېقىملىق ئاڭلانغان ناخشىلار يوقتەكلا بىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ھېلى كۆرۈپ ۋە ئاڭلىغاندەك زادىلا ئېسىمدىن كەتكىنى يوق.

ئۇ، شۇ كۈنلەردىن كېيىن ئۈچ نۆۋەت غېرىب ۋە بىر قانچە نۆۋەت پەرھات رولىنى ئېلىپ چىقتى.

زىكرى ئەلپەتتادەك تالانت ئىگىسى بۈگۈن ئارىمىزدىن كەتتى، ئۇنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشلىرىنى، بۇ ئىشنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان زامانداشلىرى ۋە كۆرمىگەن ياش بوغۇنلارغا ئەينى بىلەن يەتكۈزۈش ماڭا نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈنۈش ھېس قىلىۋاتىمەن.

## 5. ئۇ ئىجادىيەتچى ئىدى

ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ھەم خەنزۇچە كلاسسىك ناخشىلارنى خېلى كۆپ ھەم پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن زىكرى ئاكىنىڭ قەلبىدە خېلى بۇرۇنلا ئىجادىيەت بىخلىرى بىخلىنىپ سىرتقا تېپىشكە باشلايدۇ. مانا بۇلارنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى سۈپىتىدە بىرىنچى قېتىم 1937 - يىلى «ئېچىلغان گۈل» خورىنى ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئەجرىنى سۈپىتىدە خەلققە تەقدىم قىلىدۇ. ئىلى سەھنىسىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانائىنەپىسىنىڭ چالغۇچى، ناخشىچىلىرى تەرىپىدىن بۇ خور ئىجرا قىلىنغاندا، ئىلى خەلقى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىجادىيىتىگە زور ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. زىكرى ئاكا خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەرگە قويماي، 1939 - يىلى «تەشنامەن» نى ئىشلەيدۇ. 1939 - يىلى رۇخسارنىڭ مۇقامىنى ئىشلەپ بولغان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى «مۇقام ئىلاھى نەرسە» دېگەن ئەقىدىنىڭ تەسىرىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرالماي، 1945 - يىلىغىچە «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ رۇخسارى مۇقامى ئۇنىڭ تەزىسى «گۈلرەزامەن يارىدىن» ۋە ئۇنىڭ داستانلىرى، ئاغچا ئانا مېھرىبانىم ۋە مەرغۇلى: «نەچچە ۋاقتتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن؛ ئاغچا ئانا باغدات شەھرىدىن؛ تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي؛ قۇربانىڭىز مەن بولاي، 6 - سەنەم جانىم سېنىڭ ئۈچۈن» قاتارلىقلارنى ئىشلەپ، ئۇنىڭ داستانىنى تولدۇرۇش بىلەن «غېرىب - سەنەم» ۋەقەلىكىنى بېيىتىشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئۇ، ئۆز تەتقىقاتىغا ئاساسەن پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ كەم داستانلىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە: «ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم؛ ماڭا چۈشكەن تەنلەر؛ غېرىپ سېنىڭ بېشىڭدىن» (كېيىن «ئۇچۇردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى» غا يۆتكەلدى) لەرنى ئىشلىدى. يولداش زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىغا «تاغلار ئارا شامال كېلىپ» ناخشىسىنى ئىشلەپ بېرىش بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغىمۇ كۆپ كۈچ قوشتى. ل. مۇتەللىپنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن كىنو «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» غا ئىككى ناخشا ئىجاد قىلىپ بېرىش بىلەن بىللە، كىنودىكى ساتىراش بوۋاي ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ ناخشىلارنى زىكرى ئاكا ئۆزى دۇتار چېلىپ ئۆزى ئېيتىپ بەردى. كلاسسىك ناخشىلاردىن «يار سېنىڭ دەردىڭ» سەھنىدە ئىجرا قىلىشقا بىئەپ بولغىنى ئۈچۈن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» بېيىتىغا سېلىپ «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان» نى ئىشلىدى.

كۆمۈلۈپ كەتكەن كلاسسىك ناخشىلاردىن «ئاق بېلىق»، «جېنىم مودەنخان»، «بىر بەنچى ئايارەي» (ياكى رەخمەتۇللا ئاكامنىڭ ناخشىسى)، «2 - ئايارەي»، «ئەينى سادىر» ناخشىلىرىنى تىرىلدۈردى. 1955 يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قىلغان زىيارەتلىرى داۋامىدا ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن «خۇدىيبارخان» بېيىتلىرىگە سېلىنىپ ئۆزبېكچىلەشتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر يۈرۈشلۈك، ئالتە ئاھاڭلىق ناخشىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن «قەلەمدەك قاشلىرىڭ» بېيىتلىرىغا سېلىپ قۇتقۇزۇپ قالدى ۋە ئۆلكە سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ باشلامچىلىقىدا مۇسەنجان جامى قاتارلىقلار بىلەن ئىجرا قىلىپ تارقاتتى.

دېمەك، زىكرى ئاكىنىڭ ئىجاد قىلغان مۇقام، داستان ۋە ناخشىلىرى خەلقىمىز تەرىپىدىن خۇددى كلاسسىك ناخشا، نەغمىلەر قاتارىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق دوستى - جۆرىسى بولۇپ قالغان.

## 6. ئۇ تەتقىقاتچى ئىدى

زىكرى ئەلپەتتا ئۇيغۇر كلاسسىك ناخشىلىرىنى ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىشلەش جەريانىدا، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئېسىل ناخشىلارنىڭ «چاتما يۈرۈشلۈك» تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلىپ، ئىككىنچى بىر كىشى شۇ ناخشىنى ئەسلىسە ئېيتالايدىغان، بولمىسا تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھەسنەم ئاكا تەمبۇر ۋە ئۆزى ياراتقان ئۇسلۇب بويىچە قايتا «چاتما يۈرۈشلەشتۈرۈش» كە خېلى چوڭ ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇ، بۇ توغرىدا ئۆلگە كۆرسىتىپ، ياش ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن 1955 - يىلى ئۆلكىمىزدىكى ئاتاقلىق ئەلنى ناخشىچىلىرىدىن جانى يولداشۇپ بىلەن 120 ناخشىنى رەتلەپ لېنتىغا ئېلىش ئىشىغا كىرىشىپ، 40 قا يېقىن ناخشىنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۈنئالغۇغا ئالدۇرۇۋاتقاندا، قىسمەن سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئىش توختاپ قالغان ۋە تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن تاشلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك ئۇ، بۇ ئارزۇسىدىن يانماي تەتقىقات ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ تەتقىق قىلىشىچە نۇرغۇنلىغان ئەلنى كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ «چاتما يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن» قىسمى زورمۇ - زور دېگۈدەك چېتىلىپ قالغان. بۇنى ئېيتىشتا ناھايىتى كامىل، ئۇستا سازچى، ناخشىچى بولمىسا، ناخشىنى ناخشىغا ئۇلاپ كۆچۈش تەسكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىپ كىرگۈزۈلمەي قالغان ئەڭ ياخشى ناخشىلارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ، قايتا يۈرۈشلەشتۈرۈش كېرەككەن. بۇنىڭ ئاز قىسمىنى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئىشلىدى، كۆپ قىسمىنى قىلالمىدى. بۇنى ئىشلەش قالغان ئىزباسار كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان قەرزى ھەم بۇرچىدۇر.

## 7. ئۇ مۇقامشۇناس

زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇقامشۇناسلىق بىلەن خېلى بۇرۇنلا، يەنى روزەم ئاكىدىن 11 مۇقام ۋە ئۇنىڭ داستانلىرىنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن، ھەسنەم ئاكا تەمبۇر زىكرى ئاكىغا: 12 مۇقام چوڭ نەغمىلىرى بىلەن 72 داستان ۋە مەشرەپلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ. زىكرى ئاكا ھەسنەم ئاكىغا بېپەرۋا قاراپ، ئۇنىڭ نەغمىلىرى قايسىلار؟ دېگەن سوئالنى

(*) زىكرى ئاكىنىڭ كېيىن چۈشىنىشىچە، ھەسنەم ئاكا 12 مۇقام ۋە ئۇنىڭ نەغمە - داستانلىرىنى خېلىلا پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ ئۇنىڭغا بېپەرۋا قارىغانلىقىغا ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىپ ئۆتتى.

بــەرەھيلاھ «12 مۇقــام، 72 داستان» سۆزىگــە ئىسلىشىلىپ، بۇنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشــ دۇ. ھەر بىر مۇقامدا ئالتىدىن داستان بولسا، 12 مۇقامدا 72 داســتــان بولۇشى تــەبىئىي دەپ ئويلايدۇ. ھازىر بــۇ مۇقام يوق، داستانلىرىدىن ھازىر بــارى 21. ئۆزھال مۇقامىنىڭ ئالتە داستانى تولۇقتۇر. دېمەك ئۇ ئەمەلىيەتتە بولسا، خەلق ئىچىدە «12 مۇقام 72 داســتان» دەپ تىلغا ئېلىنىپ يۈرەيدۇ. دېگەن ئەقىدە بىلەن بار بولغان مــۇقــام داستانلىرىنى تولۇقلۇشقا كىرىشىپ، بۇنى ئىشلەپ چــىقىدۇ ۋە قايسى مــۇقامنىڭ قــانچىدىن داستانى بار ياكى يوق دېگەن ئويدا ئۇ، تۆۋەندىكى سخېمىنى ئىشلەپ چىقىدۇ.

12 مۇقام ۋە ئۇنىڭ داستانلىرىنىڭ بار - يوقىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| № | مۇقام ناملىرى | بارمۇ يوق | داستانلىرى | داستاندىن بارى | داستاندىن يوقى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | راك مۇقامى | بار | 6 | 3 | 3 | |
| 2 | چەببىيات | " " | 6 | 3 | 3 | |
| 3 | مۇشاۋرەك | " " | 6 | 4 | 2 | |
| 4 | چارگاھ | " " | 6 | – | 6 | |
| 5 | پەنجىگا | " " | 6 | – | 6 | |
| 6 | ئۆزھال | " " | 6 | 6 | – | |
| 7 | ئەجەم | " " | 6 | – | 6 | |
| 8 | ئوشاق | " " | 6 | 2 | 4 | |
| 9 | باياۋان | " " | 6 | – | 6 | |
| 10 | ناۋا | " " | 6 | 3 | 3 | |
| 11 | سىگاھ | " " | 6 | – | 6 | |
| 12 | يوق | " " | 6 | – | 6 | |
| 13 | مۇقام | " " | 72 | 21 | 51 | چوڭ جەمئى |

دېمەك، مۇقامدىن يوقى بىر، داستاندىن بارى 21، يوق داستان 51. قــانــداق قىلىش كېرەك؟ يىراقلارغا، ناخشا مۇقامىنىڭ ماكانى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىزدىنىشكە ئۇ چاغدىــكى شارائىت يار بەرمەيتتى. ئۆز خۇسۇسىي راسخــوتى بىلەن بېرىشــقا چامىسى يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ، ئىلى خەلقى ئىچىدىن، خانىقالاردىكى ھــاپىزلاردىــن، يېزا - قىشلاقلاردىكى باغــشىلارنىڭ پىرىدىكى داپچىلىرىدىن، يەككە چــالغــۇچى - ناخشىچىلار ئارىسىدىــن ئىزدىنىشكە كىرىشكەن بولــمىمۇ تېپالمايدۇ. ئاخىرى ئۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئىجاد قىلىپ، قانچىلىكــنى تولدۇرالىسا، شۇنچىلىك ئىشلەپ كۆرۈشكە ئاتلىنىدۇ. نەتىجىدە ئــۇ كــەم مۇقام ئورنىغا «رۇخسارى» مۇقامىنى، تەزمىسى ئۈچۈن «گۈلرىزامەن يارىدىن» ۋە «ئاغــچا ئانا مېھرىبانىم

باغدات شەھرىدىن» قاتارلىق ئالتە داستاننى ئىشلەپ، رۇخسارىنىڭ داستانلىرىنى تولۇقلاش بىلەن، پەنجىگاھ مۇقامى ئۈچۈن ئۈچ داستان ئىشلەپ، مۇقامنى 12گە، داستانلارنى 30 غا يەتكۈزدى.

ئۆلكىمىز ئازاد بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز بۇرۇختۇمۇلۇقتا تۇرۇۋاتقان ھەرساھە، ھەر كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. خۇشاللىقتا چۆمگەن زىكرى ئەلپەتتاھ ئۆز كۆڭلىدىكى ئارزۇ - ئارمىنىنى يېزىپ، سىخىملاشتۇرۇپ، 1954 - يىلى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەۋەتتى. بۇ لايىھە قوبۇل قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى، سەنئەتچىلەر، يازغۇچى - شائىرلار، خەلق ناخشىچىلىرىغا زىكرى ئاكىنىڭ بۇ تەشەببۇسى يەتكۈزۈلدى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىزدىنىش قارار قىلىندى. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەت ئىشلەنمەي قېپقالدى. مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇلۇپ 12 مۇقام، چوڭ نەغمە - داستان ۋە مەشرەپلىرى بىلەن پلاستىنكىلارغا ۋە دەسلەپكى قەدەمدە نوتىغا ئېلىندى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھېچكىم زىكرى ئاكىدەك خۇشال بولمىغان بولسا كېرەك. 1957 - يىلى زىكرى ئەلپەتتانىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ پلاستىنكىغا ئېلىنغان مۇقام، نەغمە داستانلىرى زىكرى ئەلپەتتاغا تاپشۇرۇلدى. زىكرى ئەلپەتتا بۇ بايلىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشلىغان ئىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىدى. چۈنكى، تۇرداخۇن ئاكا ئېجرا قىلغان داستانلاردىن يەنە ئالتە داستان چىقىپ، بارلىق داستان 36 گە يەتتى. دېمەك، يەنە 36 داستان يوق ئىدى. مەرھۇم زىكرى ئاكىنىڭ ئېسىيادى تاكى ئۇ ۋاپات بولغىچە مۇشۇ 36 داستان ئۈستىدە بولۇپ كەلدى.

ئۇنىڭ پەرەز قىلىشىچە 12 مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسى تولۇق بولمىسىمۇ، ئاساسەن 8 — 9 تۈرلۈك ئىسىم بىلەن بېرىلىدۇ. ھازىرچە قالغان تۆت مۇقامنىڭ يوق قىسىملىرىنى تولۇقلاش كېرەك. چۈنكى، بۇ تۆت مۇقام سەككىز مۇقامغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كەم ۋە چولتا. مەسىلەن، سەككىز مۇقامنىڭ ئىچىدە راكىنىڭ چوڭ نەغمىسى تولۇق. قالغان مۇقاملارنىمۇ مۇشۇ تەخلىتتە تولدۇرۇش كېرەككەن. ئۇ مانا مۇشۇ پەرەزگە ئاساسەن ھۆسەنجان جامىلار بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، ھاپىزلارنى يىغىپ نۇرغۇن ئاھاڭلارنى لېنتىغا ئالغان. ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ مۇشۇنداق بايلىقلارنى ئىزدەشنى نىيەت قىلغانىدى. لېكىن ئۇنى رەھىمسىز كېسەل ئۆز قوچىقىدا نۇرغۇن يىل ياتقۇزۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. ئۇنى ئارمىنىدىن ئېلىپ كەتتى.

مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئاكىغا تەبىئەت ئاتا قىلغان خۇسۇسىيەتلەر يۇقىرىقىلار بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە نېسىپ بولغان بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى قاتتىق ئىزدىنىپ، مەشىق قىلىپ تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈش بىلەن، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى بېيىتىشقا، كەم ئورۇنلىرىنى تولدۇرۇشقا ۋە يوقىلىش خەۋپىدە قالغانلىرىنى قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلدى. بۇ ئىش نۇرغۇنلىغان جاپالىق ئەمگەكلەرنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمگىكى، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ، يۇقىرىقىدەك ئادەم زوقلان-

خىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن نېمە ئۈچۈن مەغرۇرلانماي، گىدىيىپ، كېرىلىپ كەتمەي ئۆز ئىشىنى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكۈزەلىدى؟ ھەممىمىز قايىللىق بىلەن شاھىتلىق بېرەلەيمىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ خەلققە تەقدىم قىلماقچى بولغان نېمەتلىرى ئالدىدا ئۇنى بۇ ئىشتىن چەتنەتمىدىغان، قول ئۈزدۈرمەيدىغان جۇت نەپسىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ، نومۇسلاندى ... زىكرى ئەلپەتتا ئوغلىدىكى ئادەم ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ كەمتەر!

بۇنىڭغا مۇنداق بىر كىچىككىنە ئىشنى مىسال قىلايلى. خىزمەت ئۇنۋانى، يېشى خېلىلا چوڭ بولغان بىر زات، زىكرى ئەلپەتتا بىلەن ئۇلپەتلىشىش كويىدا بولۇپ ئولتۇرۇشقانىكەن، زىكرى ئەلپەتتا بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ھېلىقى ئەمەلدار زات ئۆز تۇرقىغا لايىق بولمىغان يالغان - ياۋىداق ئەپسانىلەر بىلەن زىكرى ئەلپەتتانى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئۇچۇرغانىكەن. زىكرى ئەلپەتتانىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش چارىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپتۇ. مەن كىرىپ كەلگەنىدىم، ھېلىقى ئەمەلدار ماختاشنى يەنە داۋام قىلىپ:

— ئۆز ۋاقتىدا روزىكام تەمبۇر بىلەن ئىككىڭلار بىر باغدا ساز قىلغىنىڭلاردا بۇلبۇل كېلىپ دۇتار - تەمبۇرىڭلارنىڭ قولىقىغا قونغانىكەن، بۇ راستمۇ؟ — دېدى.

باياتىن زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغان زىكرى ئاكىنىڭ يۈزىگە زاڭلىق قىلىش كۈلكىسى يۈگۈردى. ھېلىقى ئەمەلدار زاتقا قاراپ:

— روزىكامنىڭ تەمبۇرىنىڭ قولىقىغا سەپسالماپتىمەن، مېنىڭ دۇتارىمنىڭ قولىقىغا چىۋىنمۇ قونمىغان، مۇشۇنداق بىمەنە گەپلەرگىمۇ ئىشىنىپ يۈرەمسىز؟! — دەپ تىكلەندى.

دۇنيادا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كەشپىياتچى، ئىختىراچى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچى ۋە ئىجادچىلارنىڭ تەرەپدارلىرى شۇنىڭدەك قىتىغۇر، ھەسەتخورلىرى بارلىقىغا ئوخشاش، مەرھۇمنىڭمۇ بىزگە تەقدىم قىلغان ئەنگەكلىرىگە چىن يۈرەكتىن سۆيۈنگۈچىلەر سان - ساناقسىز كۆپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي يالغان شۆھرىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى پىتنە - ئىغۋالارنى تارقاتقۇچى تۆھمەتخورلىرىمۇ بولغان. ئەگەر مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئەشۇ ھەسەتخورلارنىڭ ئىغۋالىرى بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش يولىدا جانپىدالىق قىلىپ كەلگەن بولسىدى، بىزگە تەقدىم قىلغان ئۇ خەيرلىك ئىشلىرى تاشلىناتتى - دە، بۇ سەنئەت ئەربابى ئۈچۈن مۇنچىلىك ئۆكۈنۈپ ياش تۆككەن بولاتتۇق ... ئۇ ھەقىقى ئىنسان، ھەقىقى ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۆزىنىڭ ھەق دەپ ئېتىقاد قىلغان ئەقىدىسى ۋە ساپ دەپ داۋام قىلىۋاتقان بىلىمى، مەسىلىكى ئالدىدا، دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك ئاچچىق مۇشەققەتلىرى ۋە ئېغىرچىلىقلىرىغا ھەرگىز شىكايەت - نالەت قىلماسلىقتا ۋە كۆڭلىگىمۇ ئالماسلىقتا ... مەرھۇمنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ھۆكۈمەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز كەسپى، ئەقىدىسى بويىچە ئەڭ ئالىي ئورۇن — شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى — ئۇنۋانىنى بەردى ۋە ئۇ ئەشۇ نام بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. بۇ ئورۇن ئۇنىڭغا ھەر ئىككى دۇنيادا ھەقلىقتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك پەخرىمىزدۇر.

# سەنئەت ئۇچۇرلىرى

## «ئۇسسۇل» ژۇرنىلى «ئۇسسۇل نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش» بويىچە بەس - مۇنازىرە قانات يايدۇردى

«ئۇسسۇل» ژۇرنىلىدا «ئۇسسۇل نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش» مەسىلىسى بويىچە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. تاڭ مەنچىڭ «ئىدىيەۋى ئېقىم ئالدىدا ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدا، نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى بەزى كىشىلەر «ئۇسسۇل نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ماھىيىتى — ۋاقتى ئۆتكەن مودېرنىزىملىق ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە مودېرنىزىمنىڭ «يېڭى»لىقى ئارقىلىق بىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىمىز ۋە 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتىمىزنى يېڭىلىماقچى بولۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. خۇئېر يەن «نەزەردىن چۈشۈپ قالغان سۆزلەر» توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدا بۇنىڭغا تىغمۇ - تىغ رەددىيە بەردى. ئۇ: ئۇسسۇل نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاشنى ئوتتۇرىغا قويۇش قانداقتۇر مودا قوغلاشقانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەمەلىيەت، جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنى قانداقمۇ غەرب مودېرنىزىمچىلىرىنىڭ «نەزەردىن چۈشۈپ قالغان سۆزلەر»دىن تېرىۋالغان نەرسىلەر دېگىلى بولسۇن؟ «نەزەردىن چۈشۈپ قالغان سۆزلەر» دېگەن مەسىلە توغرىسىدا قايتا پىكىرلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، ھازىرقى زامان غەرب ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيەۋى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ باقمىسىمىز كېرەك، بۇنداق «نەزەردىن چۈشۈپ قالغان سۆزلەر»نى ئىخلاس قويۇپ تەتقىق قىلىپ بېقىش ھەرگىزمۇ بىھۇدىلىك بولمايدۇ، دەپ قارىدى.

## جۇڭگو باللار سەنئەت ئۆمىكى ئامېرىكىغا زىيارەتكە چىقتى

20 - ماي چۈشتىن بۇرۇن 70 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو باللار سەنئەت ئۆمىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى يولداش بەي جيافۇنىڭ باشچىلىقىدا پايتەختتىن ئامېرىكىغا يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ئۆمەكنى، جۇڭگو خەلقارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى — ئامېرىكا - جۇڭگو سەنئەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى بىلەن ئامېرىكا مەملىكەتلىك ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدىكى مېدىسون تىياتىرخانىسىدا بىر يىلدا بىرلا قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان باللارنىڭ ئۇسسۇلى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلار يەككە مۇزىكا ئورۇنلاش، كوللېكتىپ مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە ناخشا ئېيتىشتىن باشقا يەنە جۇڭگونىڭ مىللىي ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئورۇنلايدۇ.

بۇ ئۆمەكنىڭ سەنئەت يېتەكچىلىكىنى — بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى يولداش سۇن گۇاڭيەن ئۈستىگە ئالغان. رېژىسسورلۇق خىزمىتىگە قاتناشقۇچىلار ئىچىدە يەنە بېيجىڭ شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياڭ شۇمىڭ، بېيجىڭ شەھىرى خەيدىڭ رايونلۇق ئۆسمۈرلەر سارىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ يىڭ ۋە بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياۋيۈگلارمۇ بار.

## مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى بىلەن شياڭگاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇردى

مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى بىلەن شياڭگاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات مۇناسىۋىتى ئورناتتى. يېقىندا، مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن تىياتىر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لى زىبو شياڭگاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئىككى ھەپتە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ «دالا» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى دەرسلىك قىلىپ، مۇشۇ ئەسەر ئۈستىدە مەركەزلىك تەھلىل يۈرگۈزدى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ئەسەرنى رېپېتىتسىيە قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يەنە «سەھنە ھەرىكىتى» ۋە «ئوبراز يارىتىش» قاتارلىق تېمىلار بويىچە مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شياڭگاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى 1985 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارمىقىدا تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق تۆت ئىنستىتۇت تەسىس قىلىنغان. تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ھەم تىياتىرشۇناس جۇڭ جىڭخۇي يېقىندا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ 35 كىشىنى باشلاپ بېيجىڭغا كېلىپ، مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى بىلەن ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. ئۇلار يەنە بېيجىڭ خەلق بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى، جۇڭگو ياشلار بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ تىياتىرلىرىنى كۆردى.

## «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى

ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇقام گۇرۇپپىسى 1980 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇننىڭ ئوغلى قاۋۇل ئاخۇننىڭ ئىشتىراكچىلىقىدا «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنى قايتا لېنتىغا ئېلىپ رەتلەپ چىقىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ئاۋۋال ھەر بىر مۇقامنىڭ ئاھاڭى ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى رەتلەپ چىقتى، ئاندىن تەكرار قىسىملىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ھەر بىر يۈرۈش مۇقام مۇقەددىمە، داستان، مەرغۇلى قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. كۈي شەكلى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئاز دېگەندە بەش

قېتىم، كۆپ دېگەندە توققۇز قېتىم ئۆزگەرىدۇ. تەتقىقات خادىملىرى زور غەيرەتكە كېلىپ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، قايتىدىن لېنتىغا ئېلىشقا سەرپ قىلىنىدىغان بىر يىللىق ۋاقىتنى 4 ئايدىن 6 ئايغىچە قىسقارتقان.

نۆۋەتتە، رەتلىنىپ قايتىدىن لېنتىغا ئېلىنغان راك، مۇشاۋرەك، ناۋا، پەنجىگاھ قاتارلىق بىر نەچچە يۈرۈش مۇقام رادىئولاردا ئاڭلىتىلماقتا. چەببىيات، ئۇشاق، رۇخسارە قاتارلىق مۇقاملار قايتىدىن لېنتىغا ئېلىنماقتا.

## «دۇنيادىكى داڭلىق كىنو سىنارىيىلىرى توپلىمى» ئارقا - ئارقىدىن نەشىردىن چىقماقتا

«دۇنيادىكى داڭلىق كىنو سىنارىيىلىرى توپلىمى» ناملىق ئون مەجمۇئە يېقىندا ئارقا - ئارقىدىن نەشىردىن چىقىشقا باشلىدى. بۇ مەجمۇئەلەرگە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كىنو سىنارىيىلىرى ئىچىدىكى بەلگىلىك دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئېسىل ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت ۋە رايونلار تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. ھەر بىر مەجمۇئەنىڭ كىرىش سۆزىدە شۇ دۆلەت ياكى شۇ رايوننىڭ كىنوچىلىق تەرەققىيات تارىخى ئىخچام ھالدا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتابلارنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ياڭ خەنشېڭ، باش مۇھەررىرلىكىنى ئۇۋياڭ خەنزۇن ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، دېڭىز ئارىلى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## كومېدىيە ئەسەرلىرىدە زور تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىش لازىم

جىن شى «زور تېما، ئۆزگىچە پىكىر، يۈكسەك ئىپادە» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەيلى تىياتىر ساھەسى ياكى كىنو ساھەسىدە بولمىسۇن، كومېدىيە ھامان تراگېدىيە ۋە باشقا دراما تۈرلىرى بىلەن «ئوخشاش» مۇئامىلىگە ئىگە بولالماي كەلدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى ئوبزورچىلار ۋە تاماشىبىنلاردا كومېدىيە ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە نىسبەتەن توغرا تونۇش ۋە چۈشەنچە يېتەرسىز. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، كومېدىيە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش، رېژىسسورلۇق ۋە سەھنىدە ئويناش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە يۈزەكىلىكلەر، ۋەقەلەرنى زورمۇ زور چېتىپ قويۇش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇد. ئەمما قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە بولغان بارلىق كلاسسىك مۇنەۋۋەر كومېدىيە ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە، يەنى ئۇلار زور تېمىلارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ۋە شەرھلەپ بېرەلەيدۇ.

## لى مىڭچاڭ پىئانىنو چېلىپ ۋېنانى زىل - زىلىگە كەلتۈردى

شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور لى مىڭچاڭ ۋېنادىكى ئاتاقلىق بېسېندورف پىئانىنو زاۋۇتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس پىئانىنو چېلىش كۆرىكىدە پىئانىنو چېلىپ ئاۋستىرىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئىككى سائەتكە يېقىن داۋاملاشقان بۇ كۆرەكتە لى مىڭچاڭ تاماشىبىنلارغا ئالدى بىلەن گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق كومپوزىتور ھېندېرنىڭ «3 - يۇرۇشلۇك كۈي» ى بىلەن بېتخوۋېننىڭ «32 - كونسېرت» نى ھەمدە پولشىلىق كومپوزىتور ۋە پىئانىنىست شوپېننىڭ «پولشانىڭ فانتازىيىلىك ئۇسسۇل مۇزىكىسى» نى ئورۇنلاپ بەردى. ئارقىدىنلا يەنە جۇڭگولۇق كومپوزىتورلاردىن خې لۇدىڭ، دىڭ شەندې ۋە ساڭ فېڭنىڭ «پادىچى بالىنىڭ نېيى»، «باللار مارشى» نى ھەمدە «ئىچكى موڭغۇل خەلق ناخشىسى» قاتارلىق قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە مۇزىكىلارنى ئورۇنلىدى. ئۇ، بۇ مۇزىكىلارنى جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

▲ موسكۋا كلاسسىك بالېت تىياتىر ئۆمىكى يېڭى بالېت تىياتىرى «پۇشكىن» نى سەھنىلەشتۈردى. بۇ تىياتىرنىڭ مۇزىكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورى ئاندرېي. بېدروۋ ئىشلىگەن. تىياتىر — ئىككى قېتىم ئېتىلغان ئوق ساداسى بىلەن تەڭلا باشلىنىپ، پۈتۈن تىياتىر زۇلمەتلىك تۈس ئالىدۇ. تىياتىردا ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ دانتېس تەرىپىدىن يارىلىنىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا قايتۇرما زەربىگە ئۆتتۈۋاتقانلىقى سۈرەتلىنىدۇ. پۈتۈن تىياتىردا پۇشكىننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىياتىردىكى كۆرۈنۈش پەقەت پۇشكىنلا چۈشىنىپ يېتەلىگەن ھەمدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگىنىدەك تولۇپ - تاشقان ھېسسىياتقا تولغان ئەشۇنداق روھىي دۇنيادىن ئىبارەت. ياش ئارتىس باگورىكىنوۋ پۇشكىننىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى، بۇ بالېت تىياتىرىدا يەنە «شائىرنىڭ ئوي - پىكرى» قوشۇمچە تېما قىلىنغان. كىشىلەر بۇ تىياتىرنى كۆرگەندىن كېيىن، شائىرنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ، شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ئىزدىنىپ باققۇسى كېلىدۇ.

▲ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ «پادىشاھ ئودىپۇس» تىياتىر گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئۆمىكى گرېتسىيە دېرفىي خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا تىياتىر بايرىمىغا قاتناشتى.

خەنزۇچىدىن ئوبۇلقاسىم داۋۇت تەرجىمىسى

## ئامېرىكا ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر ئۇسسۇلنىڭ غەيرى مەنپەئەتلىك خاراكتېرىنى تەكىتلىدى

ئامېرىكا بور. تايلېر ھازىرقى زامان ئۇسسۇل ئۇيۇشمىسىنىڭ دىرېكتورى روبېرت يېسىرمان ئۇسسۇل ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشتا، بىھۇدە ھەم نامۇۋاپىق ھالدا «بازار تېپىش تەتقىقاتى» غا چېلىق ئىسىملىشىلمىش، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەللىكىگە قارىماستىن، ھەدېگەندىلا تاماشىبىنلارنىڭ ئەڭ چاكىنا ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىش، بىر تەرەپلىمە ھالدا تاماشىبىنلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە كۆپلەپ بېلەت سېتىشنى قوغلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى — سەنئەتنىڭ غەيرى مەنپەئەتلىك خاراكتېرىگە ئاسىيلىق قىلىنغانلىق بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ، بارلىق بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەتكارلارغىمۇ ئاسىيلىق قىلىنغانلىق بولىدۇ». ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ھەقىقىي سەنئەتكار ۋە سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ سەركەردىلىرى مۇشۇنداق مەنپەئەتپەرەسلىك خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتە جۈرئەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشى، «بازار تېپىش تەتقىقاتى» غا نىسبەتەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى كېرەك». ئۇ يەنە، ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ «سەنئەتكار» دېگەن بۇ ئالىيجاناب شان - شۆھرىتىنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ باج قانۇنىغا ئاساسەن غەيرى مەنپەئەتلىك بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ.

خەنزۇچىدىن **ساۋۇت ئەمەت** تەرجىمىسى

## «تۇرپان» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىزنىڭ 15 - نويابىردىن بۇرۇن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«تۇرپان» ژۇرنىلى پەسىللىك ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى بولۇپ، ئۇ ئۆز سەھىپىلىرىدە سىزگە مول ئېستېتىك زوق ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، تەربىيىۋى قىممىتى زور، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، داستان، باللادا، شېئىرلار، سەھنە ئەسەرلىرى، ئەدەبىي تەقرىز، تۇرپان تارىخىغا دائىر ماقالىلەر، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تەرجىمىلەر، ھۆسن خەت نۇسخىلىرى، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى ... ئېلان قىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىز ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 10 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. ژۇرنالنىڭ قولىڭىزغا ئۆز ۋاقتىدا تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 40 — 58، قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى 060، باھاسى: 0.35 يۈەن.

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# داڭلىق دومبىرىچى كاۋلەنباي ۋاپات بولدى



جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، داڭلىق خەلق ئەلنەغمىچىسى كاۋلەنباي يۈسۈپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1986 - يىلى 5 - سىنتەبىر 66 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

كاۋلەنباي يۈسۈپ 1918 - يىلى تولى ناھىيىسىنىڭ ئاقبەل يېزىسىدىكى بىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كاۋلەنباينىڭ بالىلىق مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ دادىسى يۈسۈپ ئۆزى ياسىۋالغان كىچىككىنە دومبىرىسى بىلەن «قارايورغا»، «بالجىن كېر»، «كېڭەش كۆيى» قاتارلىق كۆيلەرنى چالاتتى. ياش ۋاقتىدىن سەنئەتكە ئىشتىۋاز كاۋلەنباي ئەڭ ئاۋۋال ئۇسۇل سەنئىتىنى ئىگەللەشكە باشلايدۇ. ئۇ «ئېيىق كۆيى»، «قارا يورغا» قاتارلىق خەلق كۆيلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. دومبىرىغا بۇرۇن «تېكە» ئۇسۇل ئوينىسا، ئەمدى كاۋلەنباي ئۇسۇل ئوينايدىغان بولىدۇ. چارۋىچىلار بۇرۇن تېكىنىڭ ئۇسۇلىنى تاماشا قىلسا، كېيىن كاۋلەنباينىڭ ئۇسۇلىنى تاماشا قىلىدۇ. يالغۇز ئوغلىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئۇسۇل ماھارىتىنى كۆرگەن يۈسۈپ بوۋاينىڭ مۇھتاجلىق چىرمىغان ھەسرەتلىك قەلبىدىن بۇلۇتلار تاراپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ.

كاۋلەنباي دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغان خەلق كۆيلىرىنى قىيامىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايدىغان بولىدۇ. ھەمدە دومبىرا بىلەن تەڭكەش قىلىپ غەزەل توۋلاشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ.

بىۋاپا شۇم قىسمەت كىمنى قاقشاتمىغان دەيسىز؟ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن نارسىدە كاۋلەنباي ئاتىسى بىلەن ئانىسىدىن بىراقلا ۋاقىتسىز ئايرىلىپ غېرىب - مىسكىن يېتىم بالا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ دادىسىدىن قالغان دومبىرىغا مىراسخورلۇق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۈن كۆچۈرۈشكە كىرىشىدۇ. ئەمما كاۋلەنباينىڭ كۈن ئۆتكۈزۈشى بەكمۇ تەسكە قالىدۇ - دە، ئۆز ماكانىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پاناھسىز، ماكانسىز سەرگەردانغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، ئالدى بىلەن مايلى - جايىر تاغلىرىنى ئارىلاپ دومبىرىسىنى كۆتۈرۈپ ئەل كېزىدۇ. كاۋلەنباينىڭ:

«مۇھتاجلىق دېڭىزىنى كەچتىم زارلاپ، ھەمراھدۇر ماڭا ئەبەد بۇ دومبىرا
تارىدىن مۇڭ تۆكۈلدى دىلنى داغلاپ. يۈرسەممۇ بىراۋلارغا جاننى باغلاپ.»

دېگەن ھاياجانلىق ساتىرلىرى ئۇنىڭ ئەشۇ ئېچىنىشلىق ھاياتىنىڭ ئەينەن سۈرەتلىنىشى ئىدى.

شىڭ شىسەي دەۋرىنىڭ ئالدىدا، يەنى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، بالىلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، خەلق ئوقۇشقا بالا بېرىشنى «ئالۋاڭ - ياساق» دەپ ھېسابلانغانلىقتىن، بايلار، نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى يالالاپ ئېلىپ ئوقۇشقا بېرەتتى. شۇ چاغدا بىر ھال ئوقىتى

ياخشى كىشى راسخوتنى بېرىدىغان بولۇپ كاۋلەنبايىنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەرتىدۇ. بىراق كاۋلەنباي ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئەۋزىدىن يېنىۋالىدۇ - دە، كاۋلەنباي ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي يەنىلا ئانا يۇرتى تولى ناھىيىسىگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تەڭرىتاغ باغرىنى بويلاپ پىيادە يولغا چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، جۇڭغار دالىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىنسى - جىن دارىمايدىغان دەھشەتلىك دەشتنى - باياۋاننى پىيادە تۈگىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، كاۋلەنباي ساۋەن ناھىيىسىدە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كاۋلەنبايىنىڭ ئازادلىققا قەدەر بولغان ھاياتى ئۈرۈمچى، شىخو، ساۋەن، ماناس، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق جايلاردا سەرسانلىقتا ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا كاۋلەنباي نۇرغۇن خەلق كۈيلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ بۇ كۈيلەرنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، بارا - بارا داڭلىق دومبىراچى بولۇپ يېتىشىدۇ. كۆپلىگەن ھەۋەسكارلار كاۋلەنبايىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن خەلق ئارىسىدىكى كۈيلەرنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ كاۋلەنباي ئۆزى يۈرگەن جايلاردا خەلق كۈيلىرىنى تارقىتىپ، دومبىراچىلارنى يېتىشتۈرۈشتە نۇرغۇن ئەجرى قىلىدۇ. ئېيتايلۇق، ساۋەن ناھىيىسىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق دومبىراچى — قالى مۇرسالى كاۋلەنباي تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئازادلىق تاڭ نۇرى كاۋلەنبايىنى يېتىملىكتىن، پاناھسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى. كاۋلەنباي شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق قوشاق بىلەن ئىپادە قىلىدۇ:

«قوياشىمەن نۇر چاچقان، ئۆركۈلۈمەن پارتىيەم،
بەختىمىزگە يول ئاچقان! ئاتا - ئانامدىن كۆپ ئاشقان!»

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كاۋلەنباي خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىپ سەھنىدە خەلق كۈيلىرىنى ئورۇنلايدىغان، دومبىرىغا جۆر قىلىپ ئۆلەڭلەرنى ئېيتىدىغان رەسمىي ئارتىس بولۇپ قالدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ فۇجيەن ۋە بېيجىڭ سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئويۇن كۆرسەتتى. «قاسەن - جەمىلە» كىنو فىلىمىدە مالاي رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. ئۇ، يەنە شۇ يىللىرى مەملىكىتىمىزدىن چاۋشيەن خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بارغان ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەن سەھنىسىگە قازاق خەلقىنىڭ دومبىرىسىنى ئېلىپ چىقتى. كاۋلەنباي شۇ چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق دەپ قوشاققا قوشىدۇ:

«دومبىرام مەن كۆتۈرسەم بۇرۇن سېنى، ئوچاقتىن نېرى بارماس تۇتقۇن ئۈنۈڭ
مىنگۈزدىڭ ئايروپىلانغا بۈگۈن مېنى، دۇنيانىڭ سەھنىسىدە جاراڭلىدى.»

كاۋلەنباي خەلق كۈيلىرىنى ئورۇنلاشتىن تاشقىرى يەنە «ئەۋرىشىم»، «يايلاق شادلىقى»، «دومبىرام»، «كومپارتىيەم»، «ئازادلىق ئارمىيەم» قاتارلىق بىر مۇنچە ناخشىلارنىمۇ ئىجاد قىلغانىدى. لېكىن كاۋلەنبايىنىڭ ئاساسلىق ماھارىتى خەلق كۈيلىرىنى ئورۇنلاش جەھەتتە كۆرۈلەتتى. ئۇنىڭدا خەلق كۈيلىرىنىڭ بىھېساب زاپىسى بار ئىدى. ئەمما كاۋلەنبايىنىڭ قانچىلىك كۆپ بىلىدىغانلىقىنى دېرەكلەپ ستاتىستىكىلىغان ئادەم يوق. ساۋەن ناھىيىسىدە

(ئاخىرى 79 - بەتتە)

# ياپونىيەدە «يەپەك يولى مۇزىكا يەغىنى» ئۆتكۈزۈلدى

ۋاڭ چاڭ

جۇڭگو مۇزىكا - ئۇسسۇل ساھەسىدىن 10 نەپەر ئارتىس (ناخشا ماھىرلىرىدىن چېن لىي، گاۋۋا مۇزىكا ماھىرلىرىدىن چېن يۈشىڭ قاتارلىق 5 نەپەر ئادەم ۋە شىنجاڭ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسكىسى دىلنار ئابدۇللا، مۇزىكا ماھىرلىرىدىن مەھەممەت تۇلمىش، مىجىت ئىبرايىم) 1985 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ياپونىيە دېموكراتلار مۇزىكا جەمئىيىتىنىڭ (بىر مىليون ئۈچ يۈز مىڭ ئەزاسى بار، رەئىسى چىتېيەن دازو) تەكلىپى بىلەن ياپونىيەدە 4 - نۆۋەتلىك «يەپەك يولى مۇزىكا يىغىنى» غا قاتناشتى. ئۇلار، تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېك سەنئەت ئۆمىكى، تۈركىيە مىللىي ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە ياپونىيە سەنشۇەن (3 تارىلىق چالغۇ) مۇزىكا ماھىرى بىلەن بىرگە 26 شەھەردە 30 مەيدان ئويۇن قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئويۇن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

## «يىپەك يولىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى»

ياپونىيىنىڭ ئادىتى بويىچە، ناخشا ئورۇنلاشتا ئېيتىش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى، ھۆرمەتكە ئەڭ سازاۋەر ناخشىچى تۇنجى، ئېيتىم ناخشا ئېيتىپ كونسېرتنى باشلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا ئېلىمىزنىڭ ياش ناخشىچىسى چېن لىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ «يىپەك يولىدىكى كارۋان» نى ئېيتتى. ئاستا - ئاستا يىراقلىشىۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازى تاماشىبىنلارنىڭ پىكىر - خىيالىنى ئەينى يىللاردىكى يىپەك يولىغا ئېلىپ كەلدى. ئارقىدىنلا جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە قاتارلىق 3 دۆلەتنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ كونسېرتى قويۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىرلىكتە سەھنىگە چىقىپ ياپونىيىنىڭ «يۈەن لۇخۇا گۈلىنى سەيلى قىلىش ئۇسسۇلى» نى ئويناپ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن تاماشىبىنلار بىلەن خەيرلەشتى. بۇ كونسېرت تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، رەتنىڭ ئالدى - كەينى ئايرىلماستىن ھەر بىر بېلەتنىڭ باھاسى ئوخشاشلا تۆت مىڭ ياپونىيە دوللىرى ئىدى، تاماشىبىنلارنىڭ باس-باس بولۇپ، سەھنىنىڭ ئاستى - ئۈستى ئوخشاشلا قىزغىن دوستلۇق كەيپىياتى بىلەن تولغان.

## دوستلۇق رىقابەت

جۇڭگودىن 10 نەپەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 17 نەپەر، تۈركىيىدىن 12 نەپەر - ياپونىيىدىن 1 نەپەر بولۇپ 4 دۆلەتنىڭ 4 ئۆمىكىدىكى 40 نەپەر ئارتىس بەكمۇ ئىناق ئۆتتى. ياپونىيىنىڭ ئادىتى بويىچە نوۋۇرلار قايتىلانمايدۇ؛ كونسېرت قويۇش جەريانىدا پۈتكۈل ئارتىسلار سەھنىدە ئاي شەكلىدە دۈگىلەك ئولتۇرىدۇ؛

جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە مۇزىكانتلىرى بىرلىكتە ئېلىمىز ئارتىسى 19 ياشلىق دىلنار ئابدۇللانىڭ «ئاتۇش» ئۇسسۇلىغا تەڭكەش قىلدى؛ ئېلىمىزنىڭ راۋاب ماھىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇسسۇلىغا تەڭكەش قىلىپ بەردى؛ ئېلىمىزنىڭ پىپا ماھىرى بىلەن ياپونىيىنىڭ سەنشۇەن (3 تارلىق چالغۇ) ماھىرى ئۆز ئارا تىل ئۇقۇشمىسىمۇ يېزىق ۋە ئىشارەت ئارقىلىق پىپا ۋە سەنشۇەن چېلىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى؛ گاۋۋا ياپونىيە، تۈركىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارتىسلىرىدىن ناخشا ئۆگەندى؛ دىلنار ئابدۇللا «ئاتۇش» ئۇسسۇلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارتىسلىرىغا ئۆگەتتى. ھەم ئۇلاردىن «نەمەنگام تەنەۋۋرى» ئۇسسۇلىنى ۋە «ھۆزۈرلىنىش» ئۇسسۇلىنى ئۆگەندى.

مۇزدۇز مۇزدۇزنى كۆرەلمەسلىكى ناتايىن، ئەمما سەنئەتداشلاردا رىقابەت بولىدۇ. دىلنار ئابدۇللا «ئاتۇش» ئۇسسۇلىنى يېنىك، مەردانە، كېرىلىپ، تېز سۈرئەتتە چۆرگىلەپ ئويناپ قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا مۇيەسسەر بولغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ دەررۇلا مۇشۇ يول بىلەن ئالقىش سادالىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، 3 كىشىلىك ئۇسسۇلنىڭ ئورۇنلىنىش رېتى «ئاتۇش» ئۇسسۇلىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا چاندۇرىدىغانلىقىنى سېزىپ دەرھال رەت ئورنىنى ئالماشتۇردى. ئۇلارنىڭ 4 نەپەر ئۇسسۇل ئارتىسى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدىن ئىككىنى ۋە ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇلدىن ئىككىنى ئوينىدى. ئەمما بىزنىڭ ئۇسسۇل ئارتىسىمىزدىن بىرلا دىلنار ئابدۇللا بولۇپ، ئۇنىڭ 2 ئۇسسۇلدىن «نىياۋەر پەرىسى» نىڭ مۇزىكىسى ئۈنئالغۇدا ياخشى توغرىلانماي قالغاچقا يەنىلا «ئاتۇش» ئۇسسۇلى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. بىزنىڭ ئۆمىكىمىزگە نومۇرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئىكەن، دەپ ياخشى باھا بېرىلدى. تۈركىيە ئۆمىكى ئىنژېنېر، ئەسكەر، ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار كۆپىنچە كوللېكتىپ خەلق ئۇسسۇلى ئوينىدى، ئۇلاردا كەسپىي رىقابەت كۈچى كەمچىل بولدى.

## ئۈنۈم — سۈپەت

ياپونىيىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمدارلىقى ماختاشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. 4 دۆلەت ئارتىسلىرى سەنئەتداش بولغاندا ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە سەھنە خىزمىتىنى ئىشلەشكە قانچىلىك كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ چېن لىي ئېيتقان بىرلا ناخشا «يىپەك يولىدىكى كارۋان»نى ئالساق: مۇزىكا مۇقەددىمىسىگە ماسلىشىپ دەسلەپكى تاڭ شەپىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇس كۆك رەڭ بىلەن نۇر قوغلىشىپ، ئاندىن مەنزىرە مۇھىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ چىراغ نۇرىمۇ ئۆزگىرىپ ئەڭ ئاخىرى بىپايان ئاسماندىكى ئالتۇن شەپەقنى نامايەن قىلدى، دېمەك بىر ناخشىنىڭ چىراغ نۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى 10 نەچچە قېتىمغا يەتتى.

دۇڭجىڭدىكى 2 مەيدان ئويۇننىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 4 قېتىم بىرلەشمە رېپېتىتسىيە ۋە گىرىملىك رېپېتىتسىيە قىلىندى. سىرت جايلاردىكى ھەر بىر مەيداندا ياپونىيە تەرەپتىن 10 نەچچە نەپەر سەھنە دېكوراتسىيە خادىمى سەھنە قۇراشتۇرۇش، نۇر تەڭشەش،

سەھنىنى يىغىشتۇرۇش ۋە مەنقۇلاتلارنى توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كېچىچە يېڭى مەيداننى تەييارلىدى. كونسېرتنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىل ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە خىزمەت ئىشلىدى. ئارتىسلار كۇلۇبقا كىرگەندىن كېيىن ھەممىسى ئالدى بىلەن چېن لېي ئېيتىپ كۆرۈپ: سادا بەك ياخشى بوپتۇ، ئاۋازنىڭ سىلىق، جاراڭلىق بولۇشى بىر ئېيتىش بىلەنلا كىشىگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ، — دېيىشتى.

بەزىدە ئورۇنلاشتۇرۇش بەك زىچ بولۇپ كېتەتتى. ھەتتا ماشىنىدا كېتىۋېتىپ گىرىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كۇلۇبقا كىرىپ ئويۇن باشلاشقا پەقەت 5 مىنۇتلا ۋاقىت قالغاندا چېن لېي يۈگۈرگىنىچە ئارقا سەھنىگە ئۆتۈپ تېزلىكتە كىيىم ئالماشتۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي سەھنىگە چىقىپ ناخشىسىنى باشلايتتى.

## «بوۋام بۇرۇن خىزمەت بىلەن شىنجاڭدا تۇرغان»

ئەتىگەندىن كەچكىچە بىللە بولۇش 4 دۆلەت ئارتىسلىرى مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. ياپونىيە، تۈركىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارتىسلىرى: جۇڭگونىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. جۇڭگودا نۇرغۇن مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىقلار بار. بىز جۇڭگوغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز، دېيىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئۆزىنىڭ بوۋىسىنىڭ بۇرۇن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭدا تۇرغانلىقىنى ھەم جۇڭگوغا تەلپۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارتىسلىرى خۇشاللىق بىلەن: بىز ئىككى دۆلەت خەلقىدە ئەنئەنىۋى دوستلۇق بار. ئۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز. ھازىر ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشىلانماقتا، خەلق بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلماقتا. جۇڭگونىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى ياخشى، شۇڭلاشقا خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز، دېيىشتى.

ياپونىيە دېموكراتلار مۇزىكا جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن «يىپەك يولى مۇزىكا يىغىنى» يىپەك يولىغا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئۆز-ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. 5 - نۆۋەتلىك «يىپەك يولى مۇزىكا يىغىنى» كېلەر يىلى ئېچىلىدىغان بولدى. لېكىن جۇڭگو يىپەك يولى باشلانغان ئورۇن، شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ قاچانمۇ جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن «يىپەك يولى مۇزىكا يىغىنى»غا قاتنىشارمىز؟ دېگەن ئارزۇدا بولۇشى ھەقلىق ئىدى.

خەنزۇچىدىن ئابدۇرېھىمجان قەييۇم تەرجىمىسى

# ئۆچقىن قۇشۇم

سۆزى: ئابلىز نىيازنىڭ

مۇزىكىسى: ئابلەق مۇسلىمنىڭ

D=1 4/4

(ئەرچە يالغۇز كىشىلىك ناخشا)



## تولۇق تېكىستى

1. سۈندى بۈگۈن تۆمۈر قەپەز،
بولدۇڭ ئازاد ئۇچقۇن قۇشۇم.
ئالغىن قېنىپ ئەركىن نەپەس،
كەڭرى ساما ئۆچقىن قۇشۇم.

2. قاققىن قانات، تاپقىن مۇراد،
باغلار ئارا كەزگىن قۇشۇم.
سېنى كۈتەر پارلاق ھايات،
يار ۋەسلىگە يەتكىن قۇشۇم.

3. ئۇچقىن قۇشۇم، ئۇچقىن ئىگىز،
سەن ساماداقىل تەنتەنە.
سايرا قۇشۇم ھارما ھەرگىز،
بولسۇن ئايان قەلبىم ئەلگە.

قايتارما: ئەركىن قۇشۇم، ئۇچقىن قۇشۇم،
يېڭى زەپەر قۇچقىن قۇشۇم.

ئىلاۋە: ناخشىنىڭ 1، 2-كۇبلىتى چولڭ قايتارمىنىڭ ئىچىدە ئېيتىلىدۇ.

# «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق
# ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## ماقالە، ئەسلىمە


كۆي شەكلى ئالاھىدىلىكى ۋە گارمونىيە توغرىسىدا ......... سۇلايمان ئىمىن (37 ·1 ·86)

ئاددىي چالغۇ بىلەن زور شەرەپ قازىنىش ... چاپپار قاسىم، ئىسلام مەخسۇت (47 ·1 ·86)

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ... رەيھانگۈل ئابلىز (50 ·1 ·86)

ئوتلۇق ئىجتىھات — مول ئىجادىيەت ..................... تۇرغۇن ھوشۇر (55 ·1 ·86)

بالېت ئۇسسۇلىنى مىللىي ئۇسسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ...كۆرەش رەجەپ (58 ·1 ·86)

قۇمۇل مەشرەپلىرى توغرىسىدا ..................... يۈسۈپجان ئەخمىدى (61 ·1 ·86)

خەلق ناخشىلىرىنىڭ ماھىر ئىجراچىسى ..................... ئۆمەر ئىمىن (63 ·1 ·86)

«مىلىك ئۆيلەر» نىڭ ئارخىتېكتورى ۋە سەنئىتى ...... ئىرپان توختىيېۋ (67 ·1 ·86)

سەھنە گۈزەل سەنئىتىدىكى ھېسسى ئامىللار .......................
............ ۋۇدىيەنشۇن (ئابدۇسالام تىلىۋالدى تەرجىمىسى) (78 ·1 ·86)

ئۇلۇغ ئىتالىيە رەسسامى لىئوناردو داۋىنچى .......................
..................... ئابلىكىم ئابدۇراخمان تەرجىمىسى (84 ·1 ·86)

سەنەم ئۇسسۇللىرى ھەققىدە ................. ئىنايەت قۇربان (95 ·1 ·86)

سوۋېت خەلقىنىڭ ئاممىۋىي ناخشىلىرى ھەققىدە .......................
..........م. ئىساكوۋسكى. نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەيىم يۈسۈپ (95 ·1 ·86)

ئۇسسۇللۇق تىياتىر قانداق مەيدانغا كېلىدۇ. .......................
............ زاخارۇپ (ئابدۇراخمان ئابلەھەت تەرجىمىسى) (112 ·1 ·86)

تىياتىر رېژىسسورلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ... نىجات ئەكبەر (44 ·2 ·86)

ئاھاڭ بىلەن تېكىستىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ...... رابىيە مۇھەممەت (49 ·2 ·86)

ئوۋ ئۇسسۇلى ۋە نىقابلىق ئۇسسۇللار ..................... ئىنايەت (50 ·2 ·86)

ئۇ سەنئەت ئالەمىنى كەزمەكتە ... تاش پولات ئابدۇرەھىم تەرجىمىسى (56 ·2 ·86)

مىللىيلاشتۇرۇشمۇ ياكى ئىندىۋىدۇئاللىقمۇ؟ .......................
..................... يەن خۇڭكۇي، ئابدۇكېرىم نەسىردىن (62 ·2 ·86)

سەنئەت بېغىنىڭ تۆھپىكار ئوغلى (ئوچېرك) .............. ئابلىز رەھىم (66 ·2 ·86)

ھۆسنىخەت گۈلزارىدىكى پېشقەدەم خەتتات ......... تۇردى قادىر نازىرى (71 ·2 ·86)

تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرى ..................... ئاتىكەم زەمىرى (75 ·2 ·86)

ئارتىسنىڭ يۈرىكى ..................... تەلئەت ناسىرى (79 ·2 ·86)

چىنلىق ۋە فوتوگرافىيە سەنئىتى .............. ئوسمانجان زۇنۇن (84 ·2 ·86)

سۈرەت تارتىشتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ... مەمەت ھېيىت (86 ·2 ·87)
مىلىي ئۆيلەر ئارخىتېكتورىسى ۋە سەنئىتى ......... ئىرپان توختىيوپ (86 ·2 ·90)
ئىرادە ھەممىنى يېڭىدۇ ......................................... (86 ·2 ·100)
بايان ئۇسسۇلى — «شىڭشىڭشا» ۋە خەلق سەنئەتكارى «لەيلىخان» ........................
........................... ئەمەت جېلىل، ئىبادەت ئوسمان (86 ·2 ·103)
ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەھنىسىدىكى يېڭى چولپان ............. تۇرسۇن قۇربان (86 ·2 ·106)
سەھنە بېزەش توغرىسىدا ................................ سۇلۇ جيالىن (86 ·2 ·112)
دولان ئۇسسۇلى توغرىسىدا ........... ئاتىكەم زەمىرى، قادىر ھوشۇر (86 ·2 ·118)
ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى توغرىسىدا ..................... تۇرسۇن غازى (86 ·3 ·53)
سەنئەت كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇز ...................................... يالچىن (86 ·3 ·67)
«دراما ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» ئازراق سۆز ... مەمتىلى قادىر (86 ·3 ·69)
لىرىك ناخشىچى پەتتار رەھىم ......................................... (86 ·3 ·86)
سەھنە گۈزەل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى ... شى خۇاڭ، ئەنىيەلزەپەر قادىر (86 ·3 ·90)
ناخشا بىلەن پۈتكەن ھايات ............................................ (86 ·3 ·98)
ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى غايەت زور ئىلمىي گەۋدە — تۇراقلىق ئۇسسۇل نوتىسى توغرىسىدا ...
........................................................ رەنا مەخسۇت (86 ·3 ·101)
ئىجتىمائىلىق ياش دېرىژور ....................................... يالچىن (86 ·3 ·105)
ئاۋاز مەشىقى قىلىشنىڭ رولى ......................... رابىيە مۇھەممەت (86 ·3 ·107)
101 يېشىدا نامى چىققان رەسسام .................................................
................ پېيگمان (ئامېرىكا) داۋۇت غازى تەرجىمىسى (86 ·3 ·109)
ئىلمۇ پەنتىشكە تىرىشىلمىسا بولمىغان كۆرۈنۈش ... ئابدۇۋەلى، ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى (86 ·3 ·111)
ۋىلىيام شېكسپىر .................................................... (86 ·3 ·113)
كىيوتى نېمە ئۈچۈن بېتخوۋېننى ياقتۇرمايدۇ؟ ..........................................
................... يەن باۋيۈي (ھۈسەن مۇھەممەت تەرجىمىسى) (86 ·3 ·115)
مىللىي تىياتىر ئىجادىيىتىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرەيلى ... تاش مامۇت (86 ·4 ·39)
ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى .................. ئابلىكىم ئابدۇراخمان (86 ·4 ·43)
كىنو ۋە تىياتىرچىلىق ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىم ...... تۇرسۇن يۇنۇس (86 ·4 ·49)
نوتلۇق شىجائەت، يۈكسەك ماھارەت .................... مېھمانجان روزى (86 ·4 ·70)
«ھۆسنىخەت دەرسلىكى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ...... ئەسقەر مۇھەممەدى (86 ·4 ·74)

قازاق خەلقىنىڭ ياش ناخشىچىسى — نازار ............ تۇرسۇنجان لېتىپ (90· 4· 86)
يولداش زىكرى مەڭگۈ ھايات ............ ياسىنخۇدا بەردى (95· 4· 86)
سەنئەتكار دوستىمىزنى ئەسلىگەندە ............ زۇنۇن قادىر (98· 4· 86)
ئۈنۈملۈك ھاياتى (ئەسلىمە) ............ ئەلئەم ئەختەم (101· 4· 86)
سېنىڭ نامىڭ ئەلنىڭ قەلبىدە (ئەسلىمە) ........ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ (105· 4· 86)
كۆسەندىن تېپىلغان سارىرا قۇتىسىدىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل سۈرىتى
............ خۇشۇچۇ (ئابدۇسالام تىلىۋالدى تەرجىمىسى) (111· 4· 86)
ناخشا ئۇستىدە ئىشلەش ...... م ئىساكوۋېسكى (نەشرگە تەييارلىغۇچى نەيىم يۈسۈپ) (121· 4· 86)
قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتى ........ ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى (74· 5· 86)
خەلق سۆيگەن ناخشىچى سالامەت ............ ئابدۇللا سۇلايمان (101· 5· 86)
كىنو مۇزىكىسى ئىجادىيىتىمىزدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش ............
............ خارىس ئاشىروۋ (107· 5· 86)
سەھنە سىۋىتى توغرىسىدا ............ سۇڭ جيالىڭ (113· 5· 86)

## سەھنە ئەسەرلىرى

بىزگە ئىشىنەمسىز؟ (كومېدىيە) ............ تۇرسۇنجان لېتىپ (3· 3· 86)

## كىنو سىنارىيىسى، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى

مەن تۇرمىدىن قاچقان جىنايەتچى ............
........ غ. گرىم. ب. خۇمىس (ھەبىبۇللا مەھەممەت تەرجىمىسى) (44· 3· 2· 1· 86)
جىلغىدىكى چوغلۇق ............ كېرىم روزى (3· 4· 86)
ئېھ، توپىلىق يول (كىنو سىنارىيىسى) ............ تاش ماۋۇت (3· 5· 86)

## ناخشا — مۇزىكا، شېئىرلار

سۆيگۈنۈمنى سورىما (ناخشا) ............ سۆزى: ئابلىكىم باقىنىڭ،
مۇزىكىسى: ئىسكەندەر سەيپۇللايوۋنىڭ. (112· 1· 86)
ئۈزۈمزار ماكان ............ سۆزى: ئارسلاننىڭ،
مۇزىكىسى: ياسىن مۇخپۇلنىڭ (120· 1· 86)
سايرا كاككۇك ............ سۆزى: مەمەت روزى يارقىننىڭ،
مۇزىكىسى: ئىمىنجان سوپىنىڭ. (121· 1· 86)
گۈل كېلۇر ............ سۆزى ھەم مۇزىكىسى: تەلئەت ناسىرىنىڭ (122· 1· 86)
ئانىجان يۇرتۇم ............ سۆزى: مەھەممەت روزى يارقىننىڭ،
مۇزىكىسى: ھېكىم ھەسەننىڭ (123· 1· 86)
ياقۇت يۇلتۇزلار ............ سۆزى: ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ،
مۇزىكىسى: پەرھات ئابىتنىڭ (123· 2· 86)

قەلب كۈيى .................... سۆزى: توختى مەھەممەت تۇردىنىڭ
مۇزىكىسى: ئەمەتجان ئەخمەتنىڭ (124، 2، 86)

يۇرتۇمدا باھار (مۇزىكا) .................... ئابدۇقادىر قايتوپ (125، 2، 86)
يايلاق كېچىلىكى (مۇزىكا) .................... مەترىوزى تۇرسۇن (123، 3، 86)
شېئىرلار .................... ياسىن خۇدا بەردى (92، 4، 86)
رەسسامىمىزنى كۆرگەندە .................... مۇھەممەت رەھىم (93، 4، 86)
ئەلۋىدا .................... ئەلقەم ئەختەم (101، 4، 86)
سەنئەت پىرى، ئەلۋىدا .................... توختاش بەكرى (108، 4، 86)
مەرسىيە .................... مەمتىمىن بارى (110، 4، 86)
تۆمۈرسى ئەل بىلەن ھايات .................... تۇردى داۋۇت (126، 4، 86)
سىنىڭ ناخشاڭ .................... ئابدۇللا ساۋۇت (127، 4، 86)
قەيىرگىمىزگە گۈللەر تىزىمەن .................... مۇھەممەت ئىمىن قۇربان (111، 5، 86)
سازەندىگە .................... مەتتوختى ئەخمەت (112، 5، 86)
بۇلبۇلۇم .................... ھەبىبۇللا روزى (112، 5، 86)
ناخشا تېكىستلىرى .................... ئابلىكىم باقى (121، 5، 86)
پۇلات ئىشچىسىغا .................... سۆزى: قۇربان مامۇتنىڭ،
مۇزىكىسى: ئابدىكېرىم ئابدىرېھىمنىڭ (126، 5، 86)
ئۇلۇغ زاتىمنى ياد ئەيلەپ ... سۆزى: تۇرسۇن نىيازنىڭ، مۇزىكىسى:
...... ئەركىن مىجىتنىڭ (127، 5، 86)

## تىياتىر خەۋىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە بىنائەن مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن پروفېسسور دىڭ ياڭجۇڭ، ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن پروفېسسور جاڭ رېنلى 29 - ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن خەلق تىياتىرخانىسىدا شىنجاڭدىكى تىياتىرچىلىق ساھەسىدىكىلەرگە ئىلمىي دوكلات بەردى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يولداش مەھەممەت تاتلىق يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يولداش دىڭ ياڭجۇڭ بىلەن جاڭ رېنلى ھازىرقى زامان چەتئەل تىياتىرچىلىق ئېقىمى، تىياتىر ئىجادىيىتى رېژىسسورلۇقى ۋە تىياتىر ئاكتىيورلۇقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرۇلۇق قىسقىچە ئىلمىي دوكلات بەردى. تىياتىر خادىملىرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئالاھىدە تەربىيىگە ئىگە بولدى.

# «تارتيۇف (ساختىپەز)» درامىسىدىن ئىككى كۆرۈنۈش

تارتيۇفنىڭ رەزىل قىياپىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئورگون ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جىددىي سۆھبەتلەشمەكتە.







كلىئانت، ئېلمىرا، دورىنالار، ماجىسەرگە ياقامىل تۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزمەكتە.

## «قەلبى گۈزەل قىز» درامىسىدىن ئىككى كۆرۈنۈش

فاڭ فاڭ بوگاكىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاچماقتا.





فاڭ فاڭ بىلەن جاڭ دوختۇر بوگاكىغا تەسەللىي بەرمەكتە.

جۇڭلىڭ فوتوسى



新疆艺术 （双月刊） XINJIANG ART شىنجاڭ سەنئىتى

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32-قورو) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر
قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. رەڭلىك رەسىملەر شىنجاڭ ماركا مەتبەە بىزەش شىركىتى باسما زاۋۇتىدا
سىنگىغا ئېلىندى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتە-
رى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە ساتىدۇ.
جۇڭگو نەشرىياتچىلىق تاشقى سودا باش. شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ. (بېيجىڭ 614- نومۇرلۇق خەت سان-
دۇقى) تاق ئايلارنىڭ 15-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.
باسما تاۋاق: 8. ژورنال نومۇرى: 7—58. تىزىم نومۇرى: 3.58. پارچە باھاسى: 0.60 يۈەن.